# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

## 新疆地方志



3

2002

www.uyghurkitap.com


# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال
19 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 60 - سان

2002 - يىللىق
3 - سان



مەسلىھەتچىلەر
ئۇيغۇر سايرانى
ئىمىن تۇرسۇن
تۇرمۇھەممەت دۆلەتى

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

ئابدۇرۇپ ئېلى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، راملە، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر:
ئابلىز ئورخۇن


## مۇندەرىجە

### ھۆججەتلەر


ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى ··· 1
مىللىي بۆلگۈنچىلىك سەپسەتىسىگە پولاتتەك پاكىتلار ئارقىلىق رەددىيە بېرەيلى··································· 7


### ئىلمىي مۇھاكىمە


ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەبلىرى ئۈستىدە يېڭى ئىزدىنىش ····································· دىڭ زەيشۈن 14
«شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ پارىژ، بېيجىڭ ۋە سانكىت پېتربۇرگ پارچىلىرى توغرىسىدىكى ئىزاھلار··················· مەھمەت ئۆلمەز، كلاۋس رۆھربورن 27


### تارىخ سەھىپىسىدە


تۇ يۇزىنىڭ ئۆلۈمى ······ ئوشۇروف ئىسلام، تاھىر تاشباييېف39
«ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئىچكىرلىكىدە» ناملىق كىتابتىكى ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتىگە دائىر مەلۇماتلار ······································ ھۇسەيىن كېرىم 47
يىپەك يولى ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى سودا - بازارلىرى ······································· داۋۇت ساۋۇت51


### كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى


ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە ۋە ئائىلە شەجەرىسى تۇرغۇزۇش ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ······································ ئەنۋەر سەمەت غەربى54
ياپونىيىلىكلەرنىڭ فامىلىسى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ·········································· مەريەم ساقىم60


مۇقاۋىدا: قومۇشلۇق كۆل

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى

2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى 2002 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 ـ 12 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ۋىلايەتلىك ، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى (مەمۇرىي مەھكىمە) لىرىنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى، تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە كەسپىي تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ جەمئىي 180 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسلىق تېمىسى ۋە ۋەزىپىسى: مەملىكەتلىك 3- قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونلۇق 4- قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيانقى تەزكىرە تۈزۈش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەش، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تەزكىرىچىلەرنى يول ئېچىپ ئالغا بېسىپ ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يەنىمۇ غەيرەت قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم يوليورۇق بەردى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇقادىر نەسىردىن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر سۈي شۈجيې مەملىكەتلىك 3- قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، «رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سەرجە يىغىن ئاخىرىدا خۇلاسە سۆزى قىلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە بىز شۇغۇللىنىۋاتقان تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئىشلىنىۋاتىدۇ، تەزكىرە كىتابى پارتكوم رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىدىغان، تەزكىرە خادىملىرى تۈزىدىغان ھۆكۈمەت كىتابى بولۇپ، ئۇ جايلارنىڭ



www.uyghurkitap.com

تەبىئىتى، فىلولوگىيىسى، ئىجتىمائىيىتى ۋە ئىقتىسادىنىڭ، تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى مۇجەسسەم خاتىرىلىنىدىغان ماتېرىيال كىتاب، ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، توغرا بولغان دۆلەت ئەھۋالى كىتابى. ئۇ ئۆزگىچە تارىخ، مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن تەزكىرە خىزمىتى قىلىسمۇ، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى جەزمەن ياخشى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تەزكىرە خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىشىگە، بۇ ئىشنى تۇتىدىغان ۋە ئىشلەيدىغان ئادەم بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. تەزكىرە خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ شارائىتى بىرقەدەر ناچار، خىراجەت مەسىلىسى قىيىن بولماقتا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۇلارنى قوللىشى كېرەك. ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولسا، ھۆكۈمەت چوقۇم ھەل قىلىشى، سېلىنمىنى كۆپەيتىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن يەنە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قادىس جانابىلمۇ يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئارىپ تۇنجى كۈنى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋۇ شىڭدۇ، سابىر ئېلى، رېن مىڭجى ھەمدە ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۇەن تۇ ڭخۇا، ش ئۇ ئا ر پارتكوم پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن گويۇ، بىڭتۇەن تارىخ- تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ليۇ خېمىڭ ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شۇ باۋشېڭلار يىغىنغا قاتناشتى.

بۇ قېتىملىق يىغىن دەل ۋاقتىدا ئېچىلدى ، دېموكراتىك، قىزغىن، مۇۋەپپەقىيەتلىك يىغىن بولدى. يىغىن قاتناشچىلىرى تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى باشلاش، تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى ھازىرقى زامان ئۈچۈن ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، غەربنى كەڭ ئېچىش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈستىدە قىزغىن مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتى ، تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. يىغىننىڭ روھىغا دائىر ئاساسلىق خاتىرە تۆۋەندىكىچە:

1

يىغىندا 2000 -يىل 9 -ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 4 -قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيانقى تەزكىرە خىزمىتى ئەھۋالى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈلدى. بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دائىرىسىدىكى كەسپىي تەزكىرىدىن توققۇز توم نەشر قىلىندى، جەمئىي 46توم نەشر قىلىندى، بۇ نەشر قىلىش پىلانىنىڭ% 5 .53 نى ئىگىلەيدۇ، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) ، ناھىيە (شەھەر، رايون ) تەزكىرىسىدىن يەتتە توم نەشر قىلىندى ، جەمئىي 59توم نەشر قىلىندى ، بۇ نەشرقىلىش پىلانىنىڭ% 1 .55 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەت

تىل-يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابىدىن ئۈچ توم نەشر قىلىندى، جەمئىي 20 توم نەشر قىلىندى؛ تۈرلۈك ئومۇمىي ئەھۋال، يىلنامىدىن نەچچە ئون توم نەشر قىلىندى. ھازىر 17توم تەزكىرە كىتابى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىۋاتىدۇ ۋە بېسىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ، جايلار ئەھۋالىغا دائىر بىر تۈركۈم ماتېرىيال كىتاب ۋە تەشۋىقات - تەربىيىگە دائىر ئوقۇشلۇق تۈزۈپ نەشر قىلىندى.

يىغىن شۇنداق دەپ قارىدىكى: ئىككى يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەزكىرە تۈزۈش جەھەتتە خېلى يۇقىرى سۈپەتكە ئىگە بىر تۈركۈم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈش بىلەن بىللە يەنە تەزكىرە خىزمىتىدە بىر تۈركۈم يېڭى كۈچلەر يېتىشتۈرۈلدى، تەزكىرە تۈزۈشكە دائىر بىر تۈركۈم يېڭى تەجرىبىلەر مۇھاكىمە قىلىپ خۇلاسىلەندى، تەزكىرىنى ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە بىر تۈركۈم يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

يىغىن تەزكىرە تۈزۈشكە دائىر نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، نۆۋەتتە ساقلى-نىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچىدىن، تەزكىرە قوشۇنى مۇقىم ئەمەس، ئىككىنچىدىن ، تەزكىرە خىراجىتى ئىنتايىن كەمچىل ، ئۈچىنچىدىن، تەزكىرە تۈزۈش تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، تۆتىنچىدىن ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى جەھەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكبەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا، بەشىنچىدىن ، تەزكىرە كىتابلىرىنى تارقىتىش، تەشۋىق قىلىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ .

2

يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى تەزكىرە خىزمىتى ۋەزىيىتى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىنىش ئاساسىدا، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى ۋە 2005-يىلدىن بۇرۇنقى ئاساس-لىق خىزمەتلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. يىغىن مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: مەملىكەتلىك 3-قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەزكىرە خىزمىتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى شىنجاڭ-نىڭ تەزكىرە خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەش-تۈرۈش كېرەك. بۇ يېتەكچى فاڭجېن «ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خىزمەتنى داۋاملىق پۇختا ئىشلەپ ، تۈنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئورۇنداپ، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاپ، سىفىرلاشتۇرۇش، تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ تېزلىتىپ، تەزكىرە بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى ئەسىردىكى تەزكىرە خىزمىتىدە تىرى-شىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىئۈچۈن ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتى ئۈچۈن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

يىغىن مۇنۇلار تەلەپ قىلدى: تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا ، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، 2005-يىلى مۇشۇ نۆۋەتلىك

www.uyghurkitap.com



تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم؛ تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىش خىزمىتىنى چىڭ ھەم ياخشى تۇتۇش، خەنزۇچە تەزكىرە كىتابىنىڭ ئورىگىنالى بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىنلا دەرھال تەرجىمە خىزمىتىنى باشلاش ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت تىل- يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتاپلىرىنى بالدۇرراق نەشردىن چىقىرىش كېرەك ؛ تەزكىرە نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى بولۇپمۇ تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشكە دائىر نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى كەڭ ھەم چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش داۋامىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئۇنى يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچى قىلىش لازىم، تەزكىرىنى ئوقۇش ۋە تەزكىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇپ، تەزكىرە بايلىقىنى ئېچىپ، رېئاللىق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم ، يىلنامىنى تەھرىرلەش، تارقىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان رايونلار ۋە ئورۇنلار يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا باشلىشى كېرەك.

يىغىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرىچى خادىملاردىن: «ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىپ» ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ ، ئۇقتىئىنەزەرنى يېڭىلاپ ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، خالىس تۆھپە قوشۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى تەلەپ قىلدى .

3

يىغىن شۇنداق دەپ ھېسابلىدىكى: سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىدىغان سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشى، ئۇ ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول باشلايدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا يول ئاچىدىغان، ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ، ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئۇلۇغۋار ئىش. مۇنداق مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ ساغلام، ئىزچىل تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك:

1. ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپ ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك.

تەزكىرە خادىملىرى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش »مۇھىم ئىدىيىسىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىشى كېرەك. سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشتە چوقۇم ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە« ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىنى ، تەزكىرە كىتابىنى تۈزۈش جەريانىدىكى بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بولغان

تۈرلۈك مەسىلىلەرگە دائىر سىياسىي پرىنسىپلارنى، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى جەھەتتىكى سىياسىي ئۆلچەمنى توغرا ئىگىلىگىلى بولىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندىلا، تۈزۈپ نەشر قىلىنغان يېڭىچە تەزكىرە كىتابلىرى دۆلەت ئەھۋالى، رايون ئەھۋالى، جايلار ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە دەۋر روھىنى ھەقىقىي توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئۈچۈن، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلالايدۇ.

2. ئىشەنچنى چىڭىتىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە، سۈپەتلىك تاماملاش كېرەك.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ قارارىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەزكىرە خىزمىتى جەھەتتىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ئۇ ھەرگىزمۇ قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ بولۇۋېرىدىغان، ئورۇندىسىمۇ، ئورۇندىمىسىمۇ بولۇۋېرىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ قەرەلىدە، سۈپەتلىك ئورۇنداشقا تېگىشلىك سىياسىي ۋەزىپە. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى مەملىكەت بويىچە ئارقىدا تۇرماقتا، بىراق رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىشەنچنى چىڭىتساقلا، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تاماملاشتىن ئۈمىد بار. شۇڭا، يىغىن ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، تەزكىرە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەزكىرە خىزمىتىنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ پىلانى ۋە كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش، سىياسىۋىلىكلىكى كۈچلۈك، كەسپتە پىششىق، ئىستىلى توغرا كادىرلارنى تەزكىرە خىزمىتىگە قويۇپ، تەزكىرە تۈزۈپ، نەشر قىلىشقا كېتىدىغان خىراجەتنى يېتەرلىك ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، تەزكىرە خىزمىتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىش، بولۇپمۇ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولالمىغان رايون ۋە ئورۇنلار ئورۇنداپ بولالماسلىقتىكى سەۋەبنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، مەسئۇلىيەتنى ئېنىق ئايرىپ، تەدبىر بەلگىلەپ، ئالدىدىكىلەرگە يېتىشىۋېلىشى كېرەك.

3. تەزكىرە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلمە كاپالىتى بولۇشى كېرەك.

يىغىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى: تەزكىرە خىزمىتىدە چوقۇم پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىش، تەزكىرە ئاپپاراتلىرى تەشكىللەپ يولغا قويۇشتىن ئىبارەت رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتلىرى پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆز رايونى ۋە ئورنىنىڭ تەزكىرە، يىلنامە خىزمىتىنى تەشكىللەش، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك ، نازارەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك . تەزكىرە ۋە يىلنامە تۈزىدىغان رايونلار ۋە ئورۇنلار تەزكىرە كومىتېتى ياكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇشى كېرەك تەزكىرە كومىتېتى ياكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى رەھبەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشى ، رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. تەزكىرە خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمەت پىلانىغا ، خىراجەت مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلۈشى

www.uyghurkitap.com



كېرەك، تەزكىرە خادىملىرىنى تاللاپ سەپلەش، تەربىيىلەش، سىناش جەھەتتە تۈزۈم شەكىللەندۈرۈپ، بۇ تۈزۈمدە يىلمۇ يىل چىڭ تۇرۇش كېرەك. تەزكىرە كىتابى، يىلنامىلەرنى نەشر قىلىشتا قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش ش، تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ، بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلانمىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا يول قويماسلىق كېرەك. تەزكىرە كىتابى، يىلنامىلەرنىڭ سۈپەت مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك.

4. يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىمۇۋاپىق ۋاقىتتاباشلاش كېرەك.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق، تەرەققىيات بەك تەكشىسىز. بۇ هال يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاشقا قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى قەرەلىدە باشلاش كېرەك. يىغىن تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشردىن چىقىرىپ بولغان رايونلار ۋە ئورۇنلارنىڭ خىزمەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا باشلىشىنى تەلەپ قىلدى. داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلۈدىغان تەزكىرىلەرنىڭ سۈپەت تەلىپىدە بىر قەدەر يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسى ۋە يۇقىرى ئۆلچەم بولۇشى، نادىر ئەسەر ئېڭى پۇتكۇل جەريانغا ۋە ھەر بىر ھالقىغا سىڭدۈرۈلۇشى كېرەك.

4

يىغىن مەزگىلىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دائىرىسىدىكى كەسپىي تەزكىرىنى نەشردىن چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولالمىغان نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى قاتناشقان ئەھۋال مەلۇم قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. 28نازارەت، ئىدارىنىڭ مەسئۇل رەھبەرلىرى ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. ئۇلار يىغىندىن كېيىن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كادىرلارنى تاللاپ يۆتكەپ، يېتەرلىك خىراجەت ئاجرىتىپ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئىمكانقەدەر تېز ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

5

يىغىن مەزگىلىدە يەنە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرە، يىلنامە تۈزۈش نەشر قىلىشنى باشقۇرۇش چارىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىن قاتناشچىلىرى مۇشۇنداق بىر قائىدە- نىزام ئۇنۇمىگە ئىگە ھۆججەتنى تۈزۈش، ئاپتونوم رايونىمىزدا تەزكىرە، يىلنامىلەرنى تۈزۈش نەشر قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدە ناھايىتى مۇھىم، دەپ قارىدى. كۆپچىلىك «چارە»نى ئاساسەن مۇئەييەنلەشتۈرۈش شەرتى ئاستىدا كونكرېت تۈزىتىش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندىن كېيىن ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى تەشكىللەپ، بىر كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلان قىلىپ يولغا قويۇشىغا يوللايدۇ.

# مىللىي بۆلگۈنچىلىك سەپسەتىسىگە پولاتتەك پاكىتلار ئارقىلىق رەددىيە بېرەيلى

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى

نۇرغۇن پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، «شەرقىي تۈركىستان» تېررورچى كۈچلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلىك، دىنىي ئېكسترېمىزم ۋە زوراۋان تېررورچىلىقنى بىر گەۋدە قىلغان، ئۇ — شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ، ئۇلار ئادەتتىكى ئامىنىڭ، بولۇپمۇ كەڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى كۆپ بىلمەسلىكىدىن ئىبارەت ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ تارىخىنى كۈچەپ ئۇيدۇرۇپ چىقىش، ئۆزگەرتىش ۋە بۇرمىلاشنى كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان، قايمۇقتۇرىدىغان ۋە ئاممىنى قۇترىتىدىغان ۋاستە قىلىپ ئادە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدا جامائەت پىكرى توپلاشنىڭ ئاساسى قىلغان. بۇ سەپسەتىلەر بىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىز ۋە شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن زور يوشۇرۇن ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

تەزكىرىچىلىك — بىر تۈرلۈك سىستېمىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئۇنىڭدا بىر رايوننىڭ ۋە مۇئەييەن ئىشلار تەرەققىياتىنىڭ تارىخى ۋە هازىرقى هالىتى خاتىرىلىنىدۇ ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىكى تۈزگەندە مۇقەررەر هالدا شىنجاڭ تارىخىنىڭ هەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ، تەزكىرە كىتابلىرى يەنە قاتلاممۇ قاتلام تۈزۈلىدۇ، ئۇ ئاممىغا يېقىن بولۇپ، ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلار، ئادەملەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەچكە، ئامما ئۇنى ئاسان چۈشىنىدۇ ۋە ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ. يېڭى تۈزۈلگەن تەزكىرە كىتابلىرىدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ پاكىتلىرىنى هەقىقىي، ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن خاتىرىلەش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز هەم تارىخقا مەسئۇل بولۇش، خەلققە مەسئۇل بولۇش، ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت تەزكىرىچىلىك ئەخلاقىنىڭ تەلىپى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز بىر تەرەپتىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، هەر مىللەت تەزكىرىچىلىرىنى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر دېگەن يوليورۇقىنىڭ روهىنى ئۆگىنىشكە، پارتىيەنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنى ئۆگىنىشكە داۋاملىق ئۇيۇشتۇرۇپ، هەر مىللەت تەزكىرىچىلىرىنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيىتى داۋامىدا توغرا سىياسىي نىشاندا ئاڭلىق چىڭ تۇرىدىغان، سىياسىي پرىنسىپنى، سىياسىي مەيداننى ئاڭلىق تەكىتلەيدىغان قىلدۇق؛ يەنە بىر تەرەپتىن، هەر مىللەت تەزكىرىچىلىرىدىن تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل دەلىللەش ۋە «سىياسىي جەهەتتىن تەكشۈرۈش»، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى توغرا خاتىرىلەش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلدۇق.

www.uyghurkitap.com



ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىدا شىنجاڭنىڭ تارىخى چىن ماتېرىياللار ئارقىلىق توغرا شەرھلەندى، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرىچىلىك خىزمەت ئاپپاراتلىرى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا ئاكتىپ رول ئويناپ، ئۆزلىرىنىڭ تىگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشتى.

1. شىنجاڭ ئەزەلدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دېگەن كۆزقاراش تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق توغرا شەرھلەندى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى غەربىي خەن ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇرغان، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن. 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، تارىختا ئۆتكەن مەركىزىي خاندانلىقلار شىنجاڭنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇپ كەلگەن. بۇ تارىخنى ئەتراپلىق، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە «رايونلارنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈش تەزكىرىسى»، «چوڭ ئىشلار» قاتارلىق مەخسۇس تەزكىرىلەر تەسىس قىلىنىپ، غەربىي خەن سۇلالىسى شېنجۆنىڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيانقى تارىختا ئۆتكەن مەركىزىي ھۆكۈمەتلەرنىڭ شىنجاڭدا ئەمەل تەسىس قىلىپ، باشقۇرۇش مەھكىمىلىرىنى قۇرغانلىقى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىلىرىدىمۇ «تەشكىلىي تۈزۈلۈشى» قىسمى ياكى بابلىرى تەسىس قىلىنىپ، بۇ تارىخىي پاكىتلار خاتىرىلەندى. مەسىلەن: «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە 10 مىڭ خەتلىك سەھىپە ئاجرىتىلىپ، تارىختا ئۆتكەن فېئودال خاندانلىقلارنىڭ كۇچادا تەسىس قىلغان ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە «خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن قورۇقچىبەگلەر جەدۋىلى»، «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگلەر، مۇئاۋىن قورۇقچىبەگلەر جەدۋىلى»، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۇچادا ئۆتكەن خان ئامباللارنىڭ ئىسىملىكى» قاتارلىق ماتېرىياللاردا، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە مەركىزىي ھۆكۈمەتلەرنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇش ئەھۋالى تولۇق چۈشەندۈرۈلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيانقى تارىختا ئۆتكەن خاندانلىقلارنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش، باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرىسى» نى تەسىس قىلىپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن چىڭ سۇلالىسىغىچە بولغان 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىكى تارىختا ئۆتكەن خاندانلىقلارنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ۋە بوز يەر ئېچىپ، چېگرىنى ساقلاش، ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنى قوغداش تارىخىنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ، تارىختا ئۆتكەن مەركىزى خاندانلىقلارنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى بىر يان تەرەپتىن

ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈردى، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىنىنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ، ھازىرغىچە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈردى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. جامائەت خەۋپسىزلىكى تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئارمىيە، خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا بىرلىكتە قارشى تۇرغانلىقى، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرغانلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغانلىقىدەك تارىخىي پاكىتلار نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق خاتىرىلەندى.

2. شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون دېگەن كۆز قاراش تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق توغرا شەرھلەندى. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە ھۆججەت ـ ماتېرىياللار ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىندا ئىلگىرى نۇرغۇن مىللەتلەر ياشىغان ۋە پائالىيەت قىلغان، قەدىمدە بۇ يەردە ساكلار، قىرغىزلار، ھۇنلار، خەنزۇلار، ئوغۇزلار، توخرىلار، ئۈيسۈنلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، قىتانلار، موڭغۇللار ياشىغان. 1949 ـ يىلى شىنجاڭ ئازاد بولغاندا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك، شىبە، ئۆزبېك، داغۇر، مانجۇ، تاتار، رۇستىن ئىبارەت 13 مىللەت شىنجاڭدا ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن مىللەتلەر دەپ ئېتىراپ قىلىندى. ئازادلىقتىن كېيىن مىللەتلەر داۋاملىق كۆپىيىپ 35كە يەتتى. ھازىر شىنجاڭدا 48 مىللەت بار. قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە شىنجاڭدا يالغۇز بىرلا مىللەت ئولتۇراقلاشقان تارىخ بولغان ئەمەس، شىنجاڭ بىرلا مىللەتنىڭ شىنجاڭى بولغان مەسىلىمۇ ھەرگىز مەۋجۇت ئەمەس؛ خەنزۇمۇ شىنجاڭدا بۇرۇندىن ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەندىن كېيىن، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، تارىختا نۇرغۇن خەنزۇلار شىنجاڭغا كېلىپ ئەمەل تۇتقان، چېگرىنى قوغدىغان، بوز يەر ئاچقان، سودا قىلغان، بۇ تارىخقا ھازىرغىچە 2000 يىلدىن ئاشتى، شۇنىڭ ئۈچۈن خەنزۇلارمۇ شىنجاڭدا بۇرۇندىن ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ خەنزۇلارغا قارشى تۇرىدىغان، خەنزۇلارنى چەتكە قاقىدىغان مىللىي ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنى قوزغىتىشى تارىخىي پاكىتلارغا خىلاپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ.

شىنجاڭ ـ كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون. تارىختا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاتەشپەرەسلىك، نېستۇرى، مانى، شامان، بۇددا، ئىسلام، خىرىستىيان، كاتولىك، پراۋۇسلاۋىيە، تويىن قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. بەزى مىللەتلەر تارىختا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئوخشىمايدىغان بىرنەچچە دىنغا ئېتىقاد قىلغان. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار ئوخشىمىغان تارىخىي مەزگىللەردە مانى، نېستۇرى، شامان، بۇددا، ئىسلام دىنلىرىغا ئېتىقاد

www.uyghurkitap.com

قىلغان؛ بەزى مىللەتلەر ئوخشاش بىر مەزگىلدە كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان، مەسىلەن، خەنزۇلار شۇنداق. ھازىر شىنجاڭدا يەنىلا كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

كۆپ مىللەتلىك چېگرا رايوندىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى، دىنىي ئېتىقادى شىنجاڭنىڭ رايون ئەھۋالى ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئامىلنى ھاسىل قىلغان. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش جەريانىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىلىرىدە مەخسۇس «مىللەت تەزكىرىسى» ، «دىن تەزكىرىسى» تەسىس قىلىنىپ، شىنجاڭدا ئىلگىرىدىن ياشاپ كەلگەن 13 مىللەتنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى تارىخىي تەرەققىياتى، رېئال ئەھۋالى، دىنى ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىقلار ئەمەلىي خاتىرىلەندى. مىللەت، دىن تارىخى توغرا كۆز قاراش بىلەن تەشۋىق قىلىندى.

شىنجاڭدا 5 مىللىي ئاپتونوم ئوبلاست ۋە 6 مىللىي ئاپتونوم ناھىيە بار. بۇ ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى 5 توم ئاپتونوم ئوبلاست تەزكىرىسى ۋە 6 توم ئاپتونوم ناھىيە تەزكىرىسى ئورۇنلاشتۇردى. ھازىر «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» ، «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت 2 توم ئوبلاست تەزكىرىسى، «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» ، «قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت 3 توم ئاپتونوم ناھىيە تەزكىرىسى نەشردىن چىقتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ئاساسىي قانۇن» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىقنى ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى. ھەرقايسى تەرەپلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدا ھازىر ساقلىنىۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ھۆججەت، ئارخىپلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان. بۇ تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا تۈزۈشكە ئىنتايىن زور قولايسىزلىقلارنى تۇغدۇردى، قىيىنچىلىق ناھايىتى چوڭ بولدى، بىز بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش پرىنسىپى بويىچە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي يېزىقىنى ئىشلىتىش ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ئۈچۈن، ھەر خىل يېزىقتا تەزكىرە تۈزۈشكە بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئورگىنال خەنزۇ يېزىقىدا بېكىتىلىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويدۇق. شۇنداقلا ئورگىنال خەنزۇ يېزىقىدا بېكىتىلگەندىن كېيىن، دەرھال ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىشنى تەلەپ قىلدۇق، ھازىر شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇر يېزىقىدا 20 توم تەزكىرە كىتابى نەشردىن چىقتى، 2 توم تەزكىرىنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا يېزىلدى. شىنجاڭدا كۆپ مىللەت كۆپ خىل تىل ئىشلەتكەن تارىخىي پاكىتنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ئىچىدە «تىل - يېزىق تەزكىرى-

سى» تەسىس قىلىنىپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ زېمىنىدا قوللىنىلغان ۋە قوللىنىۋاتقان تىل ـ يېزىق ئەھۋالى خاتىرىلەندى.

3. شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىننى بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ئاچقان، گۈللەندۈرگەن، قوغدىغان دېگەن كۆز قاراش تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق توغرا شەرھلەندى. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنى شىنجاڭدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى زامانىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىرلىكتە ياراتقان، راۋاجلاندۇرغان، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىمۇ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندا بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى مىللەتلەر بىرلىكتە ياراتقان، راۋاجلاندۇرغان، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىكى مەدەنىيىتىنىمۇ ئوخشاشلا بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىرلىكتە يارىتىشىغا ۋە راۋاجلاندۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ.

2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان شىنجاڭ ئىچكى جايلار بىلەن سىياسىي جەھەتتىن بىر گەۋدە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەر بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش جەريانىدا تەرەققىي قىلغان. بۇ ئەھۋال تەزكىرىلەردە نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار ۋە پاكىتلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى. مەسىلەن، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. يېزا ئىگىلىك تەزكىرىسى» دە شىنجاڭنىڭ ئىچكى جايلار بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، تېرىقچىلىق تېخنىكىسى، دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرغانلىقى، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى تەپسىلىي خاتىرىلەندى؛ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. سودا تەزكىرىسى» دە نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار توپلىنىپ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى يىپەك يولى ئارقىلىق ئىچكى جايلار بىلەن ماددىي ئالماشتۇرۇش جەھەتتە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، ئۆز ئارا تايانغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلدى؛ «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى» دە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى ئورلى شەھىرىدە (ھازىرقى بۈگۈر تەۋەسى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرغاندا، قۇم، ئونسۇلارنىڭ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ خەرىتىسىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەنلىكى، شۇنىڭدىن كېيىنكى 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا ئاقسۇنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلىشىدە كۆپ ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن باشتىن ـ ئاخىر مەركىزىي خاندانلىق ۋە ئىچكى جايلار بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكى تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى، «ئاقسۇ شەھىرى تەزكىرىسى»، «قورغاس ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئاراتۈرۈك ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ يەرلەردىكى شەھەر، يېزا مەكتەپلىرى «جۇڭخۇانى سۆيۈش، يۇرتنى سۆيۈش» تېمىسىدىكى بىلىم مۇسابىقىسى ياكى نۇتۇق سۆزلەش، ماقالە يېزىش مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تارىخ توغرىسىدا ھەر دەرىجىلىك تەزكىرىلەردە

www.uyghurkitap.com

مەركەز ۋە قېرىنداش ئۆلكە - رايونلارنىڭ شىنجاڭغا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە بەرگەن زور مەدەت ۋە ياردەملىرى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنگە قوشقان تۆھپىلىرى خاتىرىلەندى.

4. ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش - شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي - تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى دېگەن كۆز قاراش تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق توغرا شەرھلەندى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى شانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە، تارىختىكى ھەرقايسى دەۋرلەردە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئادەم ۋە تەسىرلىك ئىشلار مەيدانغا كەلگەن، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخسلەر ۋە ئىلغار كوللېكتىپلار كەينىدىن بارلىققا كەلدى. شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتىنى ئوبيېكتىپ، چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇش شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىدا مەخسۇس سەھىپە ۋە بابلار ئاجرىتىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئىش ئىزلار خاتىرىلەندى، ھەر بىر تەزكىرە كىتابىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر بېرىلدى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ياردەملىشىش، بىرلىكتە تەرەققىي قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىش ئەھۋالى خاتىرىلەندى. بۇ ئىلغار شەخسلەرنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى خاتىرىلىنىپ، ئۇلارنىڭ نامى تارىختا قالدۇرۇلۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ، بولۇپمۇ كەڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىلدى، تەزكىرىنىڭ ئاممىغا يېقىن بولىدىغان، ئاممىغا تونۇش ئادەم ۋە ئىشلارنى خاتىرىلەيدىغان، ئاما ئاسان قوبۇل قىلىدىغان ۋە چۈشىنىدىغان ئارتۇقچىلىقى جارى قىلىندى. «شىنجاڭ تەزكىرىسى. شەخسلەر تەزكىرىسى» گە شىنجاڭ تارىخىدا ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش جەھەتتە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان نەچچە يۈزلىگەن تارىخىي شەخس كىرگۈزۈلدى، «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ھادى بىلەن ئۇنىڭ ئايالى رەھىمەنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭغارلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىشىغا مەدەت بېرىپ، بىرلىكنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىكنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قوللاش يولىدا، كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ئىش ئىزلىرى خاتىرىلەندى. «ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئاراتۇرۇكتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئارمىيە، خەلقنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇشىنى قوللاپ ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ۋاقتىدا، بەس - بەس بىلەن پۇل، ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلغانلىقى ھەم ئىئانە بەرگۈچىلەرنىڭ ئىسمىلىكى خاتىرىلەندى.

نۇرغۇن ياشلار تەزكىرە كىتابىدىن ئۆزىنىڭ ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ، تەربىيىگە ئىگە بولدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۆتمۈشتە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياققان ئەمەس، هازىرمۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە هەرگىز ياقمايدۇ، ئۇنىڭغا شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، هەر مىللەت ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىناق - ئىجىل ئۆتۈپ، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىپ، بىر - بىرىگە ئىشىنىپ، بىر - بىرىنى هۆرمەتلەپ، بىر - بىرىنى قوللىغاندىلا، شىنجاڭ ئاندىن تەرەققىي تاپىدۇ، گۈللەپ ياشنايدۇ.

پاكىت هامان پاكىت، تارىخنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، ئۆزگەرتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. كەڭ تەزكىرىچىلەر توپلىغان نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋە رېئال ماتېرىياللار ئىچىدىن، شىنجاڭنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىدىن بىز شۇنداق بىر يەكۈن چىقىرالايمىزكى: شىنجاڭ ئەزەلدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، هەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، بۇ گۈزەل سىرلىق ماكاننى بىرلىكتە قوغدىغان، ئاچقان ۋە گۈللەندۈرگەن، بىرلىكتە پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، هەر مىللەت خەلقى جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، بېشىغا كەلگەننى تەڭ كۆرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، تاشقى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرىدىغان، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان شانلىق ئەنئەنىنى ياراتتى، هەمنەپەس، تەغدىرداش بولىدىغان يېقىن مۇناسىۋەتنى ئورناتتى. مۇشۇنداق ئىنتايىن زور ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى تارىخىي بوران - چاپقۇنلار ۋە ئۆزگىرىشلەرنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇنداق ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى هېچقانداق كۈچ يىمىرىۋېتەلمەيدۇ.

# ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەبلىرى ئۈستىدە يېڭى ئىزدىنىش

دىڭ زەيشۇن

(كورىيە دۆلەتلىك سېئۇل ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمى)

**ئاساسىي مەزمۇنى: ئۇيغۇرلار مىلادىيە 745 - يىلى تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، موڭغۇل يايلىقىدا دۆلەت قۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورايدى. 840 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولۇپ، خانلىق ئاھالىسى باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەبى: بىرىنچى، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلەشتى. ئىككىنچى، قۇرغاقچىلىق، بوران - شۇېرغان قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بەردى ۋە يۇقۇملۇق كېسەل تارقالدى. ئۈچىنچى، قوشنا قەۋملەر ئۇيغۇر خانلىقى ئاجىزلاشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىرلىشىپ ھۇجۇم قوزغىدى.**

ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ موڭغۇل يايلىقىدا يېڭى كۆچمەن چارۋىچىلىق دۆلىتىنى قۇردى ھەم تۈرك خانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ۋە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەرنىڭ ئەنلۇشەن ۋە شى سىمىڭ توپىلىڭى تۈپەيلىدىن ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تۇبۇتلەر بىلەن تىركىشىش داۋامىدا راۋاجلاندى. 790 - يىلى بېشبالىق قاتارلىق جايلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، 820 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. 830- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ھۆكۈمران گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپ ۋەھەريىلى يۈز بېرىپ تۇرغان تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن خانلىق ھوقۇقى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى ھەم قوشنا قەۋملەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. 840- يىلى قىرغىز قاتارلىق بەش قەبىلە بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلغانلىقتىن ھالاك بولۇپ، باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇيغۇرلار ھالاك بولۇپ، كۆچۈپ كېتىشى بىلەن يايلاق بوشاپ قالدى ھەم شەرق تەرەپتىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى جەنۇبقا كۆچتى، شۇنداقلا، شاداپىت تۈركلىرى بىلەن تاڭغۇتلار يەنە شەرقتىكى قىتانلار قاتارلىق ئۇششاق كۈچلەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تەرەققىي قىلىپ زورايدى. بۇ ئەھۋال شۇندىن كېيىن شەرقىي ئاسىيانىڭ ئۆزگىرىشىگە ناھايىتى زورتەسىر كۆرسەتتى . ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بەربات بولۇشى بىلەن كۆچۈشى دۇنياۋى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ ھەقتە نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرى بار. ئەمما ئۇنىڭ ھالاك



بولۇش سەۋەبى ئۈستىدىكى تەتقىقات تېخى تارى-
خىي ماتېرىياللارنى رەتلەش باسقۇچىدىلا بو-
لۇپ، مەخسۇس تەتقىق قىلىنمىدى. بۇ ماقالى-
دە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ هالاك بولۇش جەريانى
ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى مەق-
سەت قىلدۇق، بىز ئالدى بىلەن قەدىمكى
كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنىڭ هالاك بولۇش سە-
ۋەبىنى ئانالىز قىلىمىز، ئاندىن كېيىن ئۇي-
غۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى رەت-
لەپ چىقىپ، 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى
ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ يېڭى
تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى چۈشىنىپ ئۆت-
مەكچىمىز.

## 1. هۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر ۋە كۆچمەن چارۋىچى خانلىق هوقۇقىنىڭ چەكلىمى-لىكلىكى

832 - يىلى قۇت تېكىن تەختكە ئولتۇر-
غاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ئاي
تەڭرىدە بولمىش بىلگە جاڭشىن قاغان دەپ نام
بەردى(832 - 839 - يىللىرى)، بىلگە قا-
غان تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈ-
چەيتىش ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئارقىلىق
ئۇيغۇر خانلىقىنى ناهايىتى تېز قۇدرەت تاپقۇز-
دى. 839 - يىلى هۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ
ئىچكى قىسمىدا هوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز
بەردى. بۇ هەقتە تاڭ سۇلالىسى تەرەپ قىسقى-
چە مۇنداق دەپ ئىزاهات بەرگەن: «ئىلگىرىكى
قاغان ئەسلىدىكى هاكىمىيەت باشقۇرۇش يول-
لىرىنى تاشلاپ، ئادالەتنى ئۇنتۇپ ئەتراپتىكى
ۋاسساللارغا هۇجۇم قىلىپ، زوراۋانلىق قىل-
غاچقا، ئۆز يېقىنلىرى يۈز ئۆرىدى، قەبىلىلەر
چەت جايلارغا پىتىراپ كەتتى، دۆلەت چاك -
چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى». بۇنىڭدىن ئەينى

چاغدىكى ئەھۋالنى بىلگىلى بولىدۇ.

بۇ تاڭ سۇلالىسى تەرەپنىڭ خاتىرىلىگى-
نى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ خاتىرىلىرى تې-
پىلمىدى، ئۇنىڭ هالاك بولۇشىنىڭ هەقىقىي
سەۋەبىنى بىلگىلى بولمىدى. يۇقىرىقى خاتى-
رىلەردىن مەلۇمكى، بىر تەرەپتىن بىلگە قا-
غاننىڭ هۆكۈمرانلىقى كۆچمەن چارۋىچى خەلق-
قە هېچقانداق مەنپەئەت يەتكۈزمىگەنلىكى ئۈ-
چۈن، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ
پەيدا بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، قاغاننى ئۆل-
تۈرمەكچى بولغان بۇيرۇق ئىنەيۈن سوغدىلار-
دىن بولۇپ، ئېهتىمال قاغان ئىقتىسادىي مەنپە-
ئەت قوغلاشقان سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ تەلى-
پىنى قاندۇرالمىغانلىقتىن شۇنداق قىلغان بو-
لۇشى مۇمكىن. بۇ پەقەتلا بىزنىڭ پەرىزىمىز
خالاس.

بىلگە قاغان ۋەزىرلىرىنىڭ يۈز ئۆرىگەن-
لىكىنى سېزىپ قېلىپ، ئاۋۋال قول سېلىپ
ئىنەيۈن بىلەن سايغا تېكىننى ئۆلتۈردى.
بىلگە قاغانغا قارشى چىقىپ، جەنۇبقا قېچىپ
كەتكەن ۋەزىر كۈلۈگ شاداپىتلار قاغانىنىڭ
ياردىمىدە بىلگە قاغانغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇنى
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇ-
نىڭ بىلەن كۈلۈگ چوڭ هوقۇقنى چاڭگىلىغا
كىرگۈزۈۋېلىپ، خان جەمەتىدىن قاسار تې-
كىننى قاغان قىلىپ تىكلىدى. ئەمما كۈلۈگكە
قارشى چىققان كۈلۈگ باغا شىمالدىكى قىر-
غىزلارنىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇلاردىن
ياردەم سوراپ، هاكىمىيەتنى قايتۇرۇۋالماقچى
بولدى، لېكىن قىرغىزلار بۇ پۇرسەتتىن پاي-
دىلىنىپ، 840 - يىلى 10نەچچە تۈمەن كى-
شىلىك زور قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، ئۇيغۇر
خانلىقىنى بىراقلا يوقاتتى. خۇددى ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ هەش-پەش دېگىچە هالاك بولغىنى-

غا ئوخشاش، قەدىمكى يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق دۆلەتلىرى گەرچە تېزلىك بىلەن سىرتقا كېڭەيگەن بولسىمۇ، ئىچكى نىزا ۋە خانلىق چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن ناھايىتى تېزلا پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى دېھقانچىلىق جەمئىيىتىگە ئوخشىمايتتى، خانلىق ھاكىمىيەت ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ھالاكىتىگە زىچ ئالاقىدار ئىدى. ئولتۇراق دېھقانچىلىق دۆلەتلىرى ھاكىمىيەتنى تۈزۈم ۋە قانۇنغا تايىنىپ ساقلايتتى. كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتى خاننىڭ شەخسىي قابىلىيىتىگە تايىنىپ ساقلىناتتى، ئۇنىڭدىن باشقا خاننىڭ بايلىقنى قانداق ئېرىشىشى ۋە ئۇنى قانداق تەقسىم قىلىشى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايتتى. خان كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك ئامىللارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇرۇشى زۆرۈر ئىدى. دۆلەتنىڭ ئىچكى تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغان ھامان خاننىڭ نوپۇزىمۇ تەۋرىنىپ قالاتتى، ئىچكى تىنچلىق كاپالەتسىزلىنىپ، خاننىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى چۆرىدىگەن ھالدا ھاكىمىيەت تالىشىش ئەۋج ئېلىپ، دۆلەتنىمۇ ساقلاپ قالغىلى بولمايتتى.

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى كۆك تۈرك خانلىقلىرىنىڭ بەربات بولۇشى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، قاغاننىڭ ھاكىمىيىتىگە ئەجەللىك زەربە بېرىدىغىنى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدىن ئىبارەت. ئىچكى نىزاھ قاغاننىڭ قابىلىيىتىگە تايىنىدىغان دۆلەت تەرتىپىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئارىلىقتا بەربات قىلىدۇ. خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەۋملەر توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنى پارچىلايدۇ، ھەتتا ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ھوقۇقىنى ئالماشتۇرىدۇ. 790 ـ يىلدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار ئۇرۇقى ئاجىزلىشىپ، ئادىز ئۇرۇقىدىن چىققان قۇتلۇقنىڭ قاغان بولۇشى خان جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت تۇغۇلغانلىقىدىن بولغان.

ئەلۋەتتە، ناۋادا قاغان ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىشى خانلىقتىكى قەۋملەرنىڭ توپىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان دەرىجىگە يەتمىگەن، شۇنداقلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئارىنى بۇزۇش سىياسىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىمىغان، پەقەت ئىچكى قىسمىدىلا زىددىيەت تۇغۇلغان بولسا، ئۇ ھالدا دۆلەتمۇ ئۇنچە تېز ھالاك بولمىغان بولاتتى، مەسىلە چىققان تەقدىردىمۇ قاغان ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ، تۈزۈلمىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئىمتىيازنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت چىققاچقا، كۈچى ئاجىزلاپ، خانلىقتىكى قەۋملەرنىڭ ئاسىيلىقىنى توسۇۋېلىشقا كۈچى يەتمىدى، مۇشۇنداق بولۇپلا قالماستىن، قوشنا كۈچلەرنىڭ بىرلىشىشى ۋە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلارنىڭ قولىدا تېزلا مەغلۇب بولدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى قىرغىزلار مۇستەقىل كۈچ ھېسابىدا تۇبۇتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قارشىلاشقانىدى. 820 ـ يىلىدىن كېيىن، ئۇيغۇر خانلىقى زورايدى، قىرغىزلار ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ نام بېرىشىگە ئېرىشتى. لېكىن قىرغىزلار ئىزچىل تۈردە

مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش ئىمتىيازىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، قىرغىزلار تەدرىجىي ھالدا ئاشكارا قارشى تۇرۇشقا ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق زەربىسىدە مەغلۇب بولغانىدى. 840 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى ماجىرا تۈپەيلىدىن ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، قىرغىزلارنىڭ ئاقساقىلى ئارو ئۇيغۇر خانلىقىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى، ئۇ: «سېنىڭ ئەجىلىڭ توشتى! مەن سېنىڭ ئورداڭنى ئالىمەن، ئورداڭنىڭ ئالدىدا ئېتىمنى ئوينىتىمەن، تۇغۇمنى قادايمەن، كۈچۈڭ بولسا تېز كېلىپ مەن بىلەن ئېلىش، بولمىسا تېز يوقال» دەپ قەسەم قىلدى. بۇ جەرياندا قىرغىزلار قىتان، تاتار، قۇمۇق، سېرۋى قاتارلىق ئىلگىرى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان قەۋملەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈۋالدى.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى گەرچە تاڭ سۇلالىسىغا تەھدىت بولغان بولسىمۇ، ئەمما كۈچى يەتمىگەچكە ئۇيغۇر خانلىقىغا ھېچقانداق ئاكتىپ تەدبىر قوللىنالمىغانىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇيغۇر خانلىقى ئۆزلۈكىدىن ھالاك بولغان، دېگەن سۆز پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ. 832 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقىدا ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇچ بىلگە قاغان (824 _ 832) نى قول ئاستىدىكىلەر ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى سادىر بولدى. ئەمما ئۇ چاغدا باشقا مەسىلىلەر يۈز بەرمىدى، ئايتەڭرىدە بولمىش كۈلۈگ بىلگە قاغانمۇ شۇ يىلى تەختكە ئولتۇردى. 840 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقىدا يەنە بىر قېتىم ئىچكى زىددىيەت چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ھالاك بولدى. بۇنىڭغا كۈلۈگنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى شاداپىتلارنىڭ شىمالدىكى قىرغىزلارغا تايىنىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا يول قويغانلىقى سەۋەب بولدى. ئۇيغۇرخانلىقىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ھالاك بولۇشىدىكى ھالقىلىق مەسىلە ئىچكى پارچىلىنىشنى تىزگىنلىيەلمىگەنلىكى ھەم ئىچكى زىددىيەتنى ئىچكى قىسمىدا ھەل قىلالمىغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن قەبىلىلەرنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ كىرىشىگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت.

## 2. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى ۋە يايلاقتىكى تەبىئىي ئاپەتلەر

### 1) موڭغۇل يايلىقىدىكى ئېغىر قەھەتچىلىك ۋە ئاپەتلەر

خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشچە، 840 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولۇپ، غەربكە كۆچكەندە، 15 قەبىلە قارلۇقلار تەرەپكە، قالغانلىرى تۈبۈت ۋە ئەنشىگە كۆچتى، قاغان ئوردىسى ئەتراپىدىكى 13 قەبىلىگە باشچىلىق قىلىۋاتقان ئۆگە تېكىن توپى بىلەن ھورمۇزدا باشچىلىقىدىكى يەنە بىر توپ جەنۇبقا مېڭىپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شەرقتىكى قىتانلار تەرەپكە كەتكەن توپلارمۇ بار ئىدى. خاتىرىلىنىشچە: «قىرغىزلار ھۇجۇم قىلغاندا قوشۇن مەغلۇب بولۇپ، قەۋملەر ئاسىيلىق قىلدى، مال - چارۋىلار قىرىلىپ كەتتى، خەلق ئاچارچىلىقتا قېلىپ، ھەر تەرەپكە پىتىراپ، چۆللۈكتىن ئۆتۈپ كەتتى» . بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى بولغان يايلاقنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب

بولغان. قىرغىزلار ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگى-
رى موڭغۇل ياپلىقىدا ئۆي چارۋىلىرى قىرى-
لىپ كەتكەنلىكتىن ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز
بەرگەن، بىز بۇ ئەھۋالنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
ھالاك بولۇشى بىلەن باغلاپ قارايدىغان بولساق
دىققىتىمىزنى تارتماي قالمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇي-
غۇر خانلىقى ھالاك بولۇشتىن ئىلگىرى، ياي-
لاقتىكى چارۋىچىلار ئاللىقاچان «ھەر يىلى ئۇ-
دا يۈز بەرگەن ئاچارچىلىق ۋە كېسەللىك»
سەۋەبىدىن ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان-
دى.

تۆۋەندە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇ-
شىدىكى يەنە بىر سەۋەب - قەھەتچىلىك ئۈس-
تىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز. ئۇيغۇر خانلىقى-
نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى قەھەتچىلىك توغ-
رىسىدا «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرى-
لەر» نىڭ 98 - جىلد «ئۇيغۇرلار» دا «يىلمۇ-
يىل ئاچارچىلىق بولۇپ، كېسەل تارقالدى،
قوي، ئات تاپلىرى ھەممە يەرنى قاپلىدى، يەنە
قېلىن قار ئاپىتى بولدى»، دەپ خاتىرىلەن-
گەن.

«يېڭى تاڭنامە» 217 - جىلد «ئۇيغۇر-
لار-2» دە «يىلمۇيىل ئاچارچىلىق بولۇپ،
كېسەل تارقالدى، يەنە قېلىن قار ياغدى،
قوي، ئاتلار جان ساقلىيالماي، نۇرغۇنى قىرى-
لىپ كەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن .

«ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» نىڭ
246 - جىلدىدا «يىلمۇيىل كېسەل تارقىلىپ،
قېلىن قار يېغىپ، قوي - ئاتلار بەك
قىرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇيغۇر خانلىقى بارا
- بارا ئاجىزلاشتى» دەپ خاتىرىلەنگەن .

يۇقىرىدىكى خاتىرىلەردە ئېيتىلغىنى-
دەك، ئۇيغۇر خانلىقى دۇچ كەلگەن قەھەتچى-
لىك موڭغۇل ياپلىقىدا يۈز بەرگەن تەبىئىي
ئاپەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . بۇ كۆچمەن
چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئۆزى-
دىكى تۇغما ئاجىزلىق بىلەن مۇناسىۋەتسىز
دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا،
كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىدە ھاياتلىق
تەبىئىي مۇھىتقا باغلىنىپ قېلىشتەك ئىنتايىن
يامان ئەھۋالدا تۇراتتى . تەبىئىي مۇھىت بۇز-
غۇنچىلىققا ئۇچرىغان ھامان دەرھال ئەسلىگە
كېلەلمەيتتى، ئەسلىگە كەلگەن تەقدىردىمۇ،
ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى . يايلاق-
تىكى ئاجىز، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىقتىسا-
دى توساتتىن كەلگەن ئاپەتتىن ئەجەللىك زەر-
بىگە ئۇچراپ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى
تامامەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپلا قالماستىن،
جان ساقلايدىغان ئوت - چۆپ يىلتىزى قاتار-
لىق نەرسىلەرمۇ ئاسانلىقچە تېپىلمايتتى .

كۆچمەن چارۋىچى دۆلەت تەبىئىي ئاپەتكە
ئۇچرىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاسا-
سى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، چاك - چېكىدىن
بوشىلىپ كېتەتتى، شۇنداقلا خانلىق ھوقۇقى
ئاجىزلىشىپ ، ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز بې-
رەتتى - دە، ئاسانلا تاشقى كۈچلەرنىڭ ھوجۇ-
مىغا ئۇچرايتتى . ئۇنىڭدىن باشقا خانلىق ئاھا-
لىسى ئەمدى قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇ-
نۇشنى خالىماي، مۇستەقىل ھايات يولى تې-
پىشقا ئۇرۇنۇپ خانلىقتىن چەتلىشەتتى، بۇ-
نىڭ بىلەن دۆلەتمۇ پارچىلىنىشقا يۈزلىنەتتى.
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۇنىڭغا
قاراشلىق ھەر قايسى كۆچمەن چارۋىچى قەۋم-
لەرنىڭ ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىشى، قەھەتچىلىك
ۋە تەبىئىي ئاپەت تۇپەيلىدىن ھايات كەچۈرۈش
شارائىتى يامانلىشىپ، قەۋملەرنىڭ ئۆز ئالدىغا
تۇرمۇش يولىنى ئىزدىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.
ئىلگىرى ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي ئاپەت كەل-

تۇرگەن قەھەتچىلىك سەۋەبىدىن ھالاك بولغا-
نىدى. 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن
تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېقىندۇرۇش ھۆكۈمرانلى-
قى ئاستىدا، ئۇيغۇر خانلىقى چۆللۈكنىڭ شى-
مالىدا زومىگەر بولۇپ، بىر مەزگىل دەۋران
سۈرگەنىدى. 681 ـ يىلى چۆللۈكنىڭ جەنۇبى-
دىكى تۈركلەر روناق تېپىپ، چۆللۈكنىڭ شى-
مالىنى تارتىۋالغاندا، ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇ-
لالىسىغا تەسلىم بولۇشقا توغرا كەلدى. بۇمۇ
تەبىئىي ئاپەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.
686 ـ يىلى چېن زىئاڭ مۇنداق خاتىرىلىگەنى-
دى: « توققۇز قەبىلە ئېغىر قۇرغاقچىلىققا
ئۇچرىغىلى ئۈچ يىل بولدى، دالا قاغجىراپ،
ئوت ـ چۆپ ئازىيىپ كەتتى، قوي ـ ئاتلاردىن
10نىڭ ئىچىدە 7 ـ 8 ى قىرىلىپ كەتتى،
تېمەنرەكلىرى ھازىرغىچە تىرىك قالدى . . .
يەنە تۈزۈكرەك ئوت ـ چۆپ بولمىغاچقا، قوي
ـ ئاتلار قىرىلىپ تۈگىدى، دالا چاشقانلىرىمۇ
ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى يەپ ياكى بىر ـ
بىرىنى يەپ جان ساقلىدى»

خانلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى تەبىئىي
ئاپەتلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەر دۆلەتنىڭ تۇ-
زۇلمە، تەرتىپى جەھەتتە مۇداپىئە كۈرۈش قا-
بىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ يىمى-
رىلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. كۆچ-
مەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىدە ئۈچ يىلدا بىر
قېتىم كىچىك ئاپەت، بەش يىلدا بىر قېتىم
ئوتتۇراھال ئاپەت، 10 يىلدا بىر قېتىم چوڭ
ئاپەت يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر
ئەينى ۋاقىتتا تەبىئىي ئاپەتنىڭ نەقەدەر كۆپ
يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
شۇڭلاشقا دۆلەت يىمىرىلىشكە يۈز تۇتقان ۋا-
قىتتا، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ يىغىلىپ كېلىشى
دۆلەتنى ھالاك قىلىدۇ، دەيدىغان ساپ نەزەرى-
يىۋى سۆزلەر پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. قاغان
ناۋادا ئۆز نوپۇزىنى ساقلاپ قالالىغان، كۆچ-
مەن چارۋىچى خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش
كۈچىنى ياخشى ئىگىلىيەلىگەن بولسا، ئۇ ھال-
دا ھەرقانچە تەبىئىي ئاپەتمۇ ئۇنىڭغا دال كې-
لەلمىگەن بولاتتى. تېزدىن ئۇنىڭغا لايىق تەد-
بىر قوللىنالمىغان تەقدىردىمۇ، ئەتراپتىكى
دۈشمەنلەر تەھدىت سالمىغان ئەھۋالدا، بىر
مەزگىلدىن كېيىن كۆچمەن چارۋىچى جەمئى-
يەتنىڭ نورمال ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلى-
گەن بولاتتى. لېكىن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئا-
خىرقى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر
كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنىڭ خانلىق ھوقۇقىنى
ئاجىزلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاجىز
كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىنى تېزلا ئا-
جىزلاشتۇرۇۋەتتى، بۇمۇ دۆلەتنىڭ ھالاك بو-
لۇشىدىكى بىر سەۋەب ئىكەنلىكى ئۆزىدىن مە-
لۇم.

ھازىرمۇ موڭغۇل يايلىقىدا تەبىئىي ئاپەت
تۈپەيلىدىن ئوتلاق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا ياكى
چارۋىلار قىرىلىپ كەتسە، ئەسلىگە كېلىش
ئۈچۈن 3 ـ 5 يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ. بۇنىڭ-
دىن تەبىئىي ئاپەتنىڭ زىيىنى نەقەدەر ئېغىر
بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى تە-
بىئىي ئاپەتلەرگە ئوخشاش ئۇدا كۆپ يىل ئاپەت
داۋاملاشسا ياكى تەكرار يۈز بەرسە، ئەسلىگە
كەلتۈرۈش تامامەن مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئەھ-
ۋالدا كۆچمەن چارۋىچى خەلق ھېچ ئامال قىلا-
لماي، پەقەت كۆچۈپ كېتىپلا قۇتۇلغان بولات-
تى. ئۇيغۇرلار يايلاقتىكى قەھەتچىلىكتىن قې-
چىپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا كۆچ-
كەندىن كېيىن، يەنىلا ئاچارچىلىقنىڭ دەردى-
نى بەك تارتتى، تەبىئىي ئاپەت ۋە كۆچۈش

نەتىجىسىدە ئاشلىق ئۆكسۈكچىلىكى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى تەبىئىي ئاپەتلەر، بولۇپمۇ قەھەتچىلىك دەستىدىن كىشىلەرنىڭ ئوتلاقتا داۋاملىق جان ساقلىشى قىيىنلاشتى.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، يايلاقتا ئېغىر قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، يۇقۇملۇق كېسەل (ۋابا) يامراپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىۋىرغانلىق قار ياغدى، ئەجەللىك تەبىئىي ئاپەتلەر كەينى كەينىدىن يۈز بەردى. بۇ خىل ئەھۋالدا، تارىخنىڭ ئەسلى ھالىتىنى تەكشۈرگەندە، ئالدى بىلەن بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى تەكشۈرۈش زۆرۈر. موڭغۇل يايلىقىدا يۈز بەرگەن قەھەتچىلىك بىلەن تەبىئىي ئاپەتنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى تەبىئىي ئاپەت قەھەتچىلىكنى پەيدا قىلىدۇ، قەھەتچىلىكمۇ تەبىئىي ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. موڭغۇل يايلىقىدىكى تەبىئىي ئاپەتتە كۆپ خىل ئەھۋاللار بار، ھاۋارايى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قۇرغاقچىلىق (قارا ئاپەت) بىلەن قېلىن قار (ئاق ئاپەت) نىڭ ئاپىتى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا، ئۆي ھايۋانلىرىغا تايىنىپ تۇرمۇش كۆچۈرۈدىغان كۆچمەن چارۋىچىلار ئۈچۈن يۇقۇملۇق كېسەلمۇ بىر چوڭ تەھدىت؛ ئەمما چارۋىچىلار مول باقمىچىلىق تەجرىبىسىگە تايىنىپ، ئادەتتە مەلۇم دەرىجىدە ئاپەت ۋە ئاچارچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ تۇرىدۇ. مۇھىت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ۋاقىتتا، ئەھۋال ئېغىرلىشىپ ئامالسىز قالىدۇ. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە ئېغىر قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغان. بۇ ئەينى چاغدا كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ تارقىلىشى مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ چوڭ مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

686 - يىلى موڭغۇل يايلىقىدا يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق (قارا ئاپەت) ئاپىتى قەھەتچىلىك بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇنداقلا ئۇ، قەھەتچىلىك يۈز بېرىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىدى. قۇرغاقچىلىق يايلاقنىڭ كۆلىمىنى تارايتىۋەتكەنلىكتىن، ئۆي ھايۋانلىرى، جۈملىدىن سانى ئەڭ كۆپ بولغان قوي پادىلىرى جان ساقلاشقا ئامالسىز قالدى. قۇرغاقچىلىق دەستىدىن يايلاقتا بىر تال ئوت-چۆپمۇ ئۈنمەي قاقاسلىشىپ كەتتى، ئوت - خەشەك ئازىيىپ كەتتى، ئۆي ھايۋانلىرى ئاجىزلاپ، ئاچلىقتىن، كېسەللىكتىن ئۆلگەن ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ تاپلىرى ھەممە يەرنى قاپلىدى. بۇگۈنكى كۈندىمۇ قۇرغاقچىلىق يايلاقنى تارايتىۋېتىپ، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ جېنىغا ئېغىر تەھدىت سېلىپلا قالماستىن، يەنە كۆچمەن چارۋىچىلارنى قەھەتچىلىككە دۇچار قىلىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ تۇرماقتا.

قېلىن قار (ئاق ئاپەت) مۇ ناھايىتى خەتەرلىك. قېلىن قار ئادەتتە قىش پەسلىدە ياكى باش باھار پەسلىدە ياغىدۇ، شۇ سەۋەبلىك كۆچمەن چارۋىچىلار قەھەتچىلىكنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ. موڭغۇل يايلىقىدا ياغقان قېلىن قار مۇنداق بىر نەچچە ئالاھىدىلىككە ئىگە: قېلىن قار تەكرار ياغىدۇ، ئۇنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ناھايىتى تەس. قېلىن قار ئادەتتە باش باھار پەسلىدە ياغىدۇ، شۇنداقلا ھەر قانداق ۋاقىتتاقې-

لىن قار سوغۇق ئېقىم بىلەن بىرلىشىپ يايلاقتا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. شىمالىي كەڭلىك 41 گرادۇسنىڭ شىمالى، دېڭىز يۈزىدىن 2500 ـ 3000 مېتىر ئېگىز جايدا، ھەر قانداق ۋاقىتتا موڭغۇل يايلىقىغا قېلىن قار يېغىشى مۇمكىن.

قېلىن قار ھەر قاچان بوران ۋە سوغۇق ئېقىم بىلەن بىرلىكتە يايلاقتا ھۇجۇم قىلىپ، ئۆي چارۋىلىرى بىلەن چارۋىچىلار يەككە - يېگانە قېلىپ توڭلاپ ئۆلىدۇ ياكى ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ. بولۇپمۇ قىش پەسلى ياكى باش باھار پەسلىدە چارۋىچىلار تەبىئىي ئاپەت ئالدىدا ئامالسىز قالىدۇ، چۈنكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئۆزى زاپاس جۇغلىمايدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلىقتا قىش پەسلىدە قۇرۇق ئوت - چۆپ جۇغلانمايدۇ ياكى چارۋىلارنى سوغۇقتىن ۋە ئاچارچىلىقتىن ساقلايدىغان ئېغىل - قوتانلار سېلىنمايدۇ. 9 - ئەسىردىكى ئەھۋال جەزمەن ھازىرقىدىنمۇ كۆپ ناچار بولۇپ، چارۋىچىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئاپەتلەرگە ئۇچراش ئېھتىماللىقى تېخىمۇ زور بولغان.

قەھرىتان قىش پەسلىدىمۇ يايلاقتا مال باقىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئۇسۇلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە قېلىن قار — ئوتلاقتىن ئايرىلىپ قېلىش، ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ كەلگەن ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ قىرىلىپ كېتىشى ۋە كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئاچارچىلىقتا قېلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، تاشقى تەرەپنىڭ تەھدىتى ۋە ئىچكى قىسمىنىڭ يىمىرىلىشى بولمىغان ئەھۋالدا، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، دۆلەت تۈزۈلمىسىدە مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارى ھازىرلانغاندا، بۇ ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرغىلى بولاتتى. يۇقىرىقىدەك ئاپەتلەر تەكرار يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر بۇ ئاپەتلەرگە قارىتا مەلۇم تەييارلىق كۆرگەن بولىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تەكرار يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، ئاچارچىلىق پەيدا قىلىپ، دۆلەت تۈزۈلمىسىنى پارچىلىۋەتتى، ھەتتا قوغدىنىش ۋە ھۇجۇم قىلىشقا زۆرۈر بولغان ھەربىي سەپەرۋەرلىك قىلىشقىمۇ مۇمكىن بولماي قالدى.

**2) يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى**

قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بىلەن قېلىن قار قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر ئاچارچىلىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، پەقەت 582 ـ يىلى تۈرك خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي دەپ ئىككىگە پارچىلانغان مەزگىلدە ۋە ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولغان مەزگىلدە يايلاقتا «ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەل» يۈز بەرگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا 630 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى ھالاك بولغاندا «قورۇلنىڭ شىمالىدا بالدۇر قىراۋ چۈشكەن» لىكى خاتىرىلەنگەن، 686 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنى

www.uyghurkitap.com

تۈركلەر قوغلىۋەتكەن چاغدا قۇرغاقچىلىق ئا-
پىتى بولغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئىچى-
دە، يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغانلىق توغرى-
سىدىكى مەزمۇنلار خاتىرىلەنمىگەن. تۆۋەندە
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى قە-
ھەتچىلىكتىن كېلىپ چىققان يۇقۇملۇق كې-
سەللىكنىڭ تارقىلىش ئەمەلىي ئەھۋالىنى مۇ-
لاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز.

ئەينى يىللاردا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر-
نىڭ تارقىلىش ئەمەلىي ئەھۋالىنى قايتا ئەكس
ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن يايلاقتا
تارقالغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تۈرلى-
رىنى رەتلەپ چىقىمىز. موڭغۇل يايلىقى باشقا
جايلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ يەر قۇرغاق ھەم سو-
غۇق، شۇڭلاشقا، بۇ يەردە يۇقۇملۇق كېسەل-
لىكنىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى باشقا جاي-
لارنىڭكىدىن ئاز، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ
تۈرىمۇ كۆپ ئەمەس. ئەمما بۇ يەردە ئادەملەر
ۋە ئۆي ھايۋانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بول-
غان بىر نەچچە خىل مۇھىم كېسەللىك مەۋ-
جۇت بولۇپ، ئۇ تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بىرىگە
ئايلانغان. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تۇيەيلىدىن
ئۆي ھايۋانلىرى تۇيۇقسىز قىرىلىپ كېتىپ،
چارۋىچىلار ئاچارچىلىقتا قالغان، ھەتتا ئادەم-
لەرگە كېسەل يۇققان. يۇقۇملۇق كېسەللىك
تارقالغاندا ئۆي ھايۋانلىرىنى سويۇۋېتمەي ئا-
مال يوق ئىدى. باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىش
مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى
ئىدى.

بۇگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئا-
خىرقى مەزگىلىدە زادى قانداق يۇقۇملۇق كې-
سەللىك تارقالغانلىقىنى تەكشۈرۈش مۇمكىن
ئەمەس. بۇ ماقالىدا 1919 - يىلى موڭغۇلىيى-
دە يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان نەق مەيدان-
نى تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلىنىپ،
ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى تەكشۈرىمىز، سانا-
ئەتلىشىشتىن ئىلگىرىكى 1919 - يىلدىكى
ئەھۋال بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدىكى
تەبىئىي مۇھىت ۋە يېمەكلىك قاتارلىق تەرەپ-
لەردە ئانچە كۆپ ئۆزگىرىش يوق، دەپ پەرەز
قىلىشقا بولىدۇ. شۇ چاغدىكى تەكشۈرۈش
دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، موڭغۇلىيىدە چۇما،
كۆيدۈرگە، ماڭقا، تارقىلىشچان ئۆپكە ياللۇ-
غى، قوي تەمرەتكىسى، ئەسۋە، جىددىي خا-
راكتېرلىك ئىستىسقا (قۇرساق كۆپۈش) كې-
سىلى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقال-
غان. ھازىر يۇقىرىقى كېسەللىكلەردىن تاشقى-
رى، يەنە باشقا كېسەللىكلەرمۇ بايقالغان،
ئەمما ئاساسلىقى يەنىلا يۇقىرىقى بىر نەچچە
خىل.

تارقىلىشچان ئۆپكە ياللۇغى، قوتۇر،
ئەسۋە، جىددىي خاراكتېرلىك ئىستىسقا قاتار-
لىقلار ئۆي ھايۋانلىرىدا دائىم كۆرۈلىدىغان
كېسەللىكلەر بولۇپ، ئېغىر ئەھۋاللارنى كەل-
تۈرۈپ چىقارمايتتى. چۇما، كۆيدۈرگە، ماڭ-
قا قاتارلىق ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر
مۇھىم يۇقۇملۇق كېسەللىك ھېسابلىناتتى.
چۇما كېسىلى پەقەت قىچىشقاق بولغان كىشى-
لەرگىلا يۇقاتتى، ئۆي ھايۋانلىرىغا يۇقمايت-
تى، ئۆي ھايۋانلىرىغا چوڭ خەۋپ يەتكۈزمەي-
دىغان كېسەللىكلەر موڭغۇللارنىڭ قوشۇنى
جەنۇب (يۇننەن، بېرما) قا يۈرۈش قىلىش دا-

ۋامىدا يايلاقتا تارقىلىپ كىرگەن، ئۇيغۇر خان-
لىقى دەۋرىدە يايلاقتا بۇنداق كېسەللىك يوق
بولۇشى مۇمكىن. ماڭقا كېسىلى بۇرۇن پەر-
دىسى باكتېرىيىسى بىلەن يۇقۇملىنىش ئارقى-
لىق كېلىپ چىقىدۇ، بۇ كېسەللىك باكتېرى-
يىسى نەپەسلىنىش ئەزالىرى ۋە لىمفا تۇگۈنى
شۇنىڭدەك تېرە يۈزىدە قاداق پەيدا قىلىدۇ،
بۇنىڭ بىلەنلا ئۆي ھايۋانلىرى ئۆلۈپ كەتمەي-
دۇ، چۈنكى، بۇ ئادەتتە ئات، خېچىر، ئېشەك
قاتارلىق تۇم تۇياقلىق ھايۋانلاردىلا بولىدىغان
كېسەللىك.

ئۇنداق بولسا، بىز ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
ئاخىرىقى مەزگىلىدە يۈزبەرگەن يۇقۇملۇق كې-
سەللىك كۆيدۈرگە
كېسەللىكى (Anthrax) دەپ ھۆكۈم قىلالاي-
مىز. بۇ كېسەللىك قوينى ئاساس قىلغان بار-
لىق ئۆي ھايۋانلىرىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ ئۆي ھاي-
ۋانلىرىغىمۇ، ئادەملەرگىمۇ يۇقىدىغان، ئادەم
بىلەن ھايۋانغا ئورتاق بولغان يۇقۇملۇق كې-
سەللىك. بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش
لازىم. ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئۆلۈشى ئېغىر زى-
يان سالىدۇ، بولۇپمۇ كېسەلنى ئادەمگە يۇق-
تۇرىدۇ، بۇ كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتى-
نىڭ ساقلىنىشى ساقلاش ۋە تارىلىق ئىشلىرىغا
ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە،
كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتىنىڭ يۇقى-
رىلىقىغا قاراپلا، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرى-
قى مەزگىلىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىك - كۆي-
دۈرگە كېسەللىكى دەپ ھۆكۈم قىلىنىۋەتكىلى
بولمايدۇ. بۇ كېسەللىك باشقا كېسەللىكلەرگە
ئوخشىمايدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى كۆيدۈرگە
كېسەللىكى دەپ ھۆكۈم قىلىۋاتىمىز. كۆي-
دۈرگە كېسەللىكى ئىنسانىيەت تارىخىدا يۈز
بەرگىلى خېلى ئۇزاق بولغان بىر خىل كېسەل-
لىك. دۇنيانىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا بۇ كې-
سەل ئۆتمۈشتىن تارتىپ تا ھازىرغىچە توختى-
ماي يۈز بېرىپ تۇرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ھازىر ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى زورىيىپ، بى-
ئولوگىيىلىك قورال قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتى-
دۇ. ئەڭ دەسلەپتە «ئىنجىل. مىسىردىن چى-
قىش خاتىرىسى» نىڭ 9 - باب 9 - پاراگرافىدا
بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىلگەن، كىشىلەر ئۇنى
قەدىمكى رىم كلاسسىك ئەسەرلىرىگە كىرگۈز-
گەن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ۋە ھازىرقى زاماندى-
كى نۇرغۇن ئەسەرلەردىمۇ بۇ ھەقتىكى خاتىرى-
لەر بار. بولۇپمۇ 18 - 19- ئەسىرلەردە كۆي-
دۈرگە كېسىلى ياۋروپانىڭ جەنۇبىي قىسمىدا
نۇرغۇنلىغان ئۆي ھايۋانلىرى بىلەن ئادەملەر-
نىڭ جېنىنى ئالغانىدى.

بىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كېسەللىكنى
كۆيدۈرگە كېسىلى دەپ ھۆكۈم قىلىشىمىزدى-
كى سەۋەب، موڭغۇل يايلىقىدەك قۇرغاق ھەم
سوغۇق جايدا كۆيدۈرگە كېسىلى ناھايىتى ئا-
سان يۈز بېرىدۇ. بۇنداق كىلىماتنى باشقا جاي-
دا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. كۆيدۈرگە تاياقچە
باكتېرىيىسى كۆيدۈرگە سىل كېسىلى بىلەن
ئاغرىغان ھايۋانلاردا ساقلىنىدىغان كېسەللىك
ئېلېمېنتى بولۇپ، تەرەت، ئاجراتمىلار ۋە جە-
سەتنىڭ قېنى قاتارلىق پۈتۈن بەدەندىكى ئىچكى
ئەزالاردا ساقلىنىدۇ، ئۇ جەسەت (تاپ) نىڭ
يۇڭ، تېرىلىرى، ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىدىن يا-
سالغان بۇيۇملار، شۇنىڭدەك ئاجراتمىلار ياكى

www.uyghurkitap.com

پارچىلانغان تەندە ساقلانغان بۇلغانغان يەم - بوغۇز، سۇ، تۇپراق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ھەر قانداق ئورۇن ۋە نەرسىلەردە ياشىيالايدۇ. تۇپراق ئىچىدە ئەڭ كۆپ بولۇپ، بۇ تىرىك تەندىكى باشقا پارازىت باكتېرىيىلەرگە ئوخشىمايدۇ، بۇ باكتېرىيىلەر ئۆزىنى قوغداش ئۇچۇن قاتتىق قاپ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، تۇپراق ئىچىدە 50 نەچچە يىل جان ساقلىيالايدۇ، قۇرغاق شارائىتتىمۇ 20 نەچچە يىل ياشىيالايدۇ. كۆيدۈرگە كېسەللىكى كۆپرەك ئىللىق كىلىماتتىكى ھاك تەركىبلىك تۇپراقتا، دەۋرىي خاراكتېرلىك كەلكۈن كېلىپ تۇرىدىغان جايلاردا يۈز بېرىدۇ، يامغۇر ياغمىغان ئەھۋالدا باشقا باكتېرىيىلەر ياشىيالمىسىمۇ، كۆيدۈرگە باكتېرىيىسى ياشاۋېرىدۇ. قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدە بىرەر قېتىم يامغۇر يېغىپ قالسا ياكى تەبىئەتنىڭ قۇدرىتى بىلەن ياكى ئادەملەر تەرىپىدىن يەر ئاغدۇرۇلسا يەر ئاستىدىكى باكتېرىيىلەر يەر يۈزىگە چىقىپ ئۆزىگە يېقىنلاشقان جانلىقلارغا يۇقىدۇ ھەم شۇ يەردە كۆپىيىدۇ.

تۇپراق بىلەن كۆپ ئۇچرىشىدىغان ئوتخور ھايۋانلارنىڭ كۆيدۈرگە باكتېرىيىسى بىلەن يۇقۇملىنىش ئېھتىماللىقى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلىق كەسپىدە قوي مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئەڭ ئاجىز بولغاچقا كېسەلگە گىرىپتار بولۇش ئېھتىماللىقى ئەڭ زور، چارۋىچىلىققا يەتكۈزىدىغان تەسىرىمۇ ئەڭ زور بولىدۇ. كالا ياكى ئاتلار بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ قوينىڭ كېسەل بولۇش ئېھتىماللىقى ئەڭ زور بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادىتى باشقا ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئوتنى يىلتىزى بىلەن قوشۇپ يەۋېتىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ تۇپراق بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتى كۆپ بولىدۇ. كۆيدۈرگە باكتېرىيىسى ئۆي ھايۋانلىرىغا ئاساسەن ئېغىز ئارقىلىق يۇقىدۇ. ئۇنىڭ قېپى تەندە ئېرىگەندىن كېيىن، يۇقۇملىنىش ئەھۋالى ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا تېرىنىڭ زەخملەنگەن يېرى ئارقىلىق يۇقىدۇ، ئۆي ھايۋانلىرى بۇنىڭ بىلەن يۇقۇملانغان ھامان بۇ باكتېرىيىلەر قاننى زەھەرلەپ ئۆي ھايۋانلىرىنى جىددىي خاراكتېرلىك سېپتىتسېمىيىگە گىرىپتار قىلىپ، ئۇلاردا نەپەس بوغۇلۇش، قىزىتىش ئەھۋاللىرىنى پەيدا قىلىپ تېزلا جېنىنى ئالىدۇ. باكتېرىيە بەدەننىڭ قان ئىشلەش ئىقتىدارىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ تالنى كاردىن چىقىرىدۇ، بۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملانغان ھامان ئۆزىنىڭ نامىغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ قېنىنى قارايتىۋېتىدۇ، بۇ چوما كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەمدە كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرىگە ئوخشايدۇ. كۆيدۈرگە قۇرغاقچىلىق ۋە كەلكۈن ئاپىتى بىلەن تەڭلا پەيدا بولىدىغان بولغاچقا دىققىتىمىزنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى تەبىئىي ئاپەت ۋە كۆيدۈرگە كېسەللىكىگە قاراتتۇق. خاتىرىلەردىن مەلۇمكى، ئەينى ۋاقىتتا قەھەتچىلىك تۈپەيلىدىن يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان شارائىت كۆيدۈرگە كېسەللىكىنىڭ يۈز بېرىش شارائىتى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ماقالىنىڭ بېشىدا بايان قىلغىنىمىز-

دەك، يايلاقتا ئاچارچىلىق يۈز بېرىشنىڭ سەۋەبى ئۈدا، ئۈزۈلمەي يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن ئىبارەت. ئەگەر قۇرغاقچىلىق يۈز بەرسە، يايلاق بۇزۇلۇپ، ئوت ـ چۆپ ئازىيىپ كېتىدۇ، قويلار تۇمشۇقىنى توپىغا تۈرتۈپ، توپىنىڭ ئاستىدىكى يىلتىزنى يەيدۇ. تۇپراقتىكى كۆيدۈرگە باكتېرىيىسى قويغا يۇقۇپ، ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ئارانلا تۇرغان قويلار ئاسانلا كېسەل بولىدۇ. يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ئۆي هايۋانلىرى تۈركۈملەپ قىرىلىپ كېتىپ، يايلاقنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ئۈزۈل ـ كېسىل بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر خانلىقىدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىدە دەۋرىي خاراكتېرلىك يۈز بەرگەن هادىسە بولۇپ، قەھەتچىلىكتە قالغان كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىدە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەۋج ئالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوغۇق ئىقىم بىلەن تەڭ ياغقان قېلىن قارنىڭ هۇجۇمىدا تىرىك قالغان ئۆي هايۋانلىرىمۇ جان ساقلىيالماي قەھەتچىلىك تېخىمۇ ئېغىرلاشقان. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «قوي، ئاتلارنىڭ كۆپىنچىسى قىرىلىپ كېتىپ، هېچقانچە تىرىك مال قالمىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ماددىي ياردىمىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قەھەتچىلىكتە جان ساقلاش ئۈچۈن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى، ئاپەت ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ كۆيدۈرگىگە ئوخشاش بۇنداق يۇقۇملۇق كېسەل كىلىمات ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن كىلىمات خاراكتېرلىك تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنداق ئاسانلىقچە ياخشىلىنىپ كەتمەيدۇ.

## 3. خۇلاسە

تەبىئىي ئاپەتنىڭ يۈز بېرىشى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە دۆلەتنىڭ ئاجىزلىنىشىپ كېتىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. لېكىن بۇ پەقەت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرسىلا خالاس، خانلىقنىڭ يىمىرىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب قىرغىز قاتارلىق ئەتراپتىكى كۈچلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك هۇجۇمىدىن ئىبارەت. بىز تەبىئىي ئاپەتلەرنى مۇهاكىمە قىلىشتا، قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنىڭ يىمىرىلىشىدىكى سەۋەبنى مۇهاكىمە قىلىشنى مەقسەت قىلدۇق. بۇ نۇقتا ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا نەزەردىن ساقىت قىلىنغانىدى. ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئاهالىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ بۇ رايوننى تاشلاپ، باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىپ، قايتىپ كەلمەي، يايلاقلارنىڭ ئۇزاققىچە بىكار قېلىشى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن بولغان. ئەلۋەتتە، ئەهۋالى ئوخشاپ كېتىدىغان يازما يادىكارلىقلارغا تايىنىپلا، ئارقا كۆرۈنۈشنى توغرا بېكىتىش قىيىن. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇپرىقىنى ئانالىز قىلىش قاتارلىق تەبىئىي پەننىڭ تېخىمۇ كونكرېت تەتقىقات ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ هۆكۈمنى تولۇقلاشنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ ماقالىدە يازما يادىكارلىقلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ يۇ-

قوملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى، شۇنىڭدەك تەكرار كۆرۈلۈش ئەھۋالى ھەققىدە يۈرگۈزگەن مۇھاكىمىمىز ناھايىتى چەكلىك بولۇپ قالدى. لېكىن بۇ ماقالىدە تەبىئىي ئاپەتنىڭ يۈز بېرىشىدەك ئەمەلىي ئەھۋالغا دەسلەپكى قەدەمدە يېقىنلاشتۇق، مۇئەللىپ مۇشۇنىڭ بىلەن قانائەت تاپتى.

---

پايدىلانغان ئەسەرلەر:

1. فۇ شۈەندۇڭ، جۇ جيەنگو ۋە لى دېيۈلەرنىڭ ماقالىلەر توپلىمى[M]، 2000 ـ يىلى شىجياجۇاڭ خېبېي مائارىپ نەشرىياتى نەشرى

2. دىڭ زەيشۈن: «ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىق رايونىغا ھۇجۇم قىلىشى ۋە ئادىز ئۇيغۇر(795 ـ 840) لىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى»[J]. «شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى» 1998 ـ يىلى نەشرى، 64 ـ توپلام، 94 ـ بەت.

3. «يېڭى تاڭنامە» .[M]1975 ـ يىلى بېيجىڭ جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرى.

4. شۆ زۇڭجېڭ: «قىرغىزلارنىڭ كۆللىنىشى»[J] «مىللەتلەر تەتقىقاتى» 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان، 93 ـ بەت.

5. «يېڭىدىن تۈزۈلگەن چىن زىئاڭ ئەسەرلىرى توپلىمى»[M]. ۋېنيۈەن كۇتۇبخانىسى قامۇسلىرى

6. «كونا تاڭنامە»[M]. 1975 ـ يىلى بېيجىڭ جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرى

7. لياڭ شياۋدۇڭ: «كۆيدۈرگە كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوللانمىسى»[M]. 1995 ـ يىلى بېيىڭ جۇڭگو دېھقانچىلىق نەشرىياتى نەشرى

**خەنزۇچە «ئەدەبىيات — تارىخ — پەلسەپە» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 6 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت جۇبەيرى**
**تەرجىمە مۇھەررىرى: ئابلىز ئورخۇن**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

# «شۇەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ پارىژ، بېيجىڭ ۋە سانكىت پېتربۇرگ پارچىلىرى توغرىسىدىكى ئىزاھلار

## — «〈شۇەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى〉نىڭ3-بۆلۈمى» دېگەن كىتابقا يېزىلغان كىرىش سۆز

مەھمەت ئۆلمەز، كلاۋس رۆھربورن

تەرجىمانلاردىن:

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «شۇەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» تۈركولوگىيە تەتقىقاتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئەسەر مەزمۇن جەھەتتە دىنىي ۋە دىنىي بولمىغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. بىز بۇ يەردە يەنە كۆپلىگەن يەر ۋە قەبىلە ناملىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە شەكىللىرىنى بۇ ئەسەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆگەنگەنلىكىمىزنى ئەسكەرتمەي تۇرالمايمىز.

بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچە ئەسلى نۇسخىسىنىڭ بولۇشى بۇرۇن ئۇچرىمىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەنىسىنى ئېنىقلاشقا ئىمكانىيەت بەرمەكتە (ئەسەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىنىڭ 6 - بېتىگە قاراڭ).

ئەسەرنىڭ يېقىندا كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن 3 - بۆلۈمىنى نەشرگە تەييارلىغان پروفېسسور، دوكتور مەھمەت ئۆلمەز (تۈركىيە) ۋە پروفېسسور، دوكتور كلاۋس رۆھربورن (گېرمانىيە) ئەسەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا يۇقىرىقىلارنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

قەدىمكى تۈركىي تىل تەتقىقاتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئاپىسى مەريەم خانىم (ئا. ۋ. گابائىن) 1932-يىلى بۇ ئەسەرنى ئېنىقلاپ چىققاندىن تارتىپلا بۇ ئەسەر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەتقىقات مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ۋە قايىل قىلارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن باشقا تەتقىقاتچىلارغا ئۈلگە بولۇۋاتقان بۇ ئىككى ئۇستاز بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان بۇ كىتاب (يەنى «شۇەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 3 - بۆلۈمى) ئىككى تىلدا (گېرمانچە ۋە تۈركچە) ۋە تولۇق ئىزاھاتلىرى بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىلغانلىقى، شۇنىڭدەك بۇ جەھەتتىكى ئەڭ يېڭى ۋە تولۇق تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى قوللانغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەسەرگە بېرىلگەن كىرىش سۆز ئارقىلىق بۇ ئۆلمەس تەزكىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى تېپىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ ھازىرغىچە بېسىپ ئۆتكەن جەريانلارنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي يورۇتۇپ بەرگەنلىكى بىلەنمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

شۇ سەۋەبتىن بىز بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆز قىسمىنى (1 - بەتتىن 12 - بەتكىچە) كەڭ ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com

تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققىتىگە سۇنۇش مەقسىتىدە تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خوش خەۋەرنى ئۆز ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىشىمىزغا رۇخسەت قىلغان ئەسەر ئاپتورلىرى ۋە ئۇستازلىرىمىز پروفېسسور، دوكتور كلاۋس رۆھربورن بىلەن پروفېسسور، دوكتور مەھمەت ئۆلمەزلەرگە سەمىمىي مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەردىن «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قولىيازمىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بۈگۈنكى كۈندە پارىژ، بېيجىڭ، سانكىت پېتېربۇرگلاردا ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ قەيەردىن ۋە كىم تەرىپىدىن تېپىلغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىر بېيجىڭ دۆلەت كۈتۈپخانىسىدا① ساقلىنىۋاتقان 240 ۋارىقى 1930 - يىلى سۋېن. ۋ. ھېدىننىڭ تۇرپانغا② قىلغان سەپىرىگە قاتناشقان بېيجىڭ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى يۈەن فۇلى ( 袁复礼 ) غا ئۈرۈمچىلىك بىر سودىگەر تەرىپىدىن تۇرپاندا سېتىپ بېرىلگەن. سودىگەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇ قولىيازما تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىن تېپىلغان. بۇ سودىگەر ھۆكۈمەتنىڭ ئەسەرنى تارتىۋېلىشىدىن قورققان بولسا كېرەك، شۇڭا ئەسەرنىڭ ئەسلى تېپىلغان ئورنىنى ئېنىق ئېيتمىغان③. ئا. ۋ. گاباﺋىن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن ھېچقانداق بىر قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرنىڭ تېپىلمىغانلىقىغا ئاساسەن بۇ قولىيازمىنى تۇرپاندىن تېپىلغان، دەپ قارايدۇ④. ئەينى ۋاقىتتا بېيجىڭ خەلقئارا كۈتۈپخانىسىنىڭ مۇدىرى يۈەن تۇڭلى ( 袁同礼 ) نىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى بولغان يۈەن فۇلى بۇ قولىيازمىنى كۈتۈپخانىغا تەقدىم قىلغان⑤. 1932 - يىلىغا كەلگەندە ئا. ۋ. گاباﺋىن بۇ قولىيازمىنىڭ قايسى ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققتى.

بۇ قولىيازمىنىڭ نۇرغۇن بەتلىرىنىڭ بىر بىرىگە چاپلىشىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، كۈتۈپخانا ئا. ۋ. گاباﺋىننىڭ مەسلىھىتىگە ئاساسەن قولىيازمىنى شۇ ۋاقىتتا بېرلىندىكى قەدىمكى ئەسەرلەر مۇزېيىدا قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان، پرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە كۆپ قېتىم ئىشلىگەن دوكتور ھيۇگو ئىبسشېر ( Hugo Ibscher ) گە ئەۋەتىپ بەرگەن⑥. ئەپسۇسكى، ئۇزۇن ئۆتمەي دوكتور ھيۇگو ئىبسشېر ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن قولىيازمىنى رەتلەش خىزمىتى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىلماي قالغان. شۇندىن كېيىن، بۇ خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭ ئوغلى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئەمما ئۇنىڭ خىزمىتى ئاستا داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن ئا. ۋ. گاباﺋىن ئۇنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ تېزرەك ئىشلىشىنى تەلەپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئەسەرنى رەتلەش خىزمىتىنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرغان. ئا. ۋ. گاباﺋىننىڭ بىر پارچە خېتىگە ئاساسلانغاندا، بۇ قولىيازما 1946 - يىلى بىر ئەنگلىيىلىك ئالاقىلاشقۇچى ئوفىتسېرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بېيجىڭغا ئەۋەتىپ بېرىلگەن⑦.

فېڭ جياشېڭ ئەپەندىنىڭ ئەسىرىنىڭ⑧ كىرىش سۆز قىسمىدا قولىيازمىنىڭ 1932 - يىلى گېرمان ناتسىستلىرىنىڭ ئويۇنى ئارقىسىدا بېرلىنغا ئېلىپ قېچىلغانلىقى ۋە كېيىن 1946 - يىلى «كۆپ قېتىملىق سۆھبەتلەر نەتىجىسى» دە قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكى بايان قىلىنغان. «ئېلىپ قېچىش» ۋە قايتۇرۇپ

بېرىش خىزمىتىنىڭ ئارقىغا سوزۇلۇپ كەت-
كەنلىك سەۋەبىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆت-
تۇق. ئەپسۇسكى، گابائىننىڭ بۇ خىل يول
بىلەن بۇ قولىيازمىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بول-
غانلىقى ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس⑨. ئۇنىڭ
ئۈستىگە گابائىننىڭ بېيجىڭدا تىلغا ئېلىنغان
بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئىدى . يۇقىرىدا
تىلغا ئېلىنغان كۆز قاراشلار فېڭ جياشېڭ
ئەپەندىنىڭ ئۆز كۆز قاراشلىرى بولماي، شۇ
ۋاقىتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن مەي-
دانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. فېڭ جياشېڭ
ئەپەندى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ
تالانتلىق رەسساملاردىن بىرى بولغان ئايالى
1982 ـ يىلى دوستانە سالاملىرى ئارقىلىق
ئۆزى سىزغان ئىككى پارچە رەسىم بىلەن بىل-
لە «شۆەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ بېيجىڭدا
ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىسىنىڭ فاكسىمىل
نۇسخىسىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي نامىدا گابائىن-
غا ئەۋەتىپ بەرگەنىدى⑪.

«شۆەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» بېيجىڭ
قولىيازمىسىنىڭ بەزى كىچىك پارچىلىرى ئەي-
نى ۋاقىتتا دىققەتسىزلىكتىن قايتۇرۇپ ئەۋە-
تىلمەي قالغان. بۇ پارچىلار گېرمانىيە پەنلەر
ئاكادېمىيىسىنىڭ تۇرپان توپلام ئىشلەش ئور-
نىدا بىر ئاياق كېيىم ساندۇقىدا نەچچە ئون
يىللاپ ساقلىنىپ قالغان. 2 ـ قىسىمغا ئائىت
بولغان بۇ 13 پارچە ۋاراق 1986ـ يىلى9ـ
ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە
Giebenدا Rauischolzhausen ئۇنىۋېرسىتېتى
بويىچە ئېچىلغان ئا. ۋ. گابائىن قاتناشقان
يىغىندا پېتېر زېمې تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلدى
⑫.

يوسىپ خاككىن (Joseph Hackin) نىڭ
1932 ـ يىلى سۈرىيەدىن بېيجىڭغىچە ئېلىپ
بارغان Citroen ئېكسپېدىتسىيىسى جەريانىدا
تۇرپاندىن⑬ سېتىۋالغان قولىيازمىلىرى بۇ-
گۈنكى بېيجىڭ قولىيازمىسىنىڭ سەككىز بې-
تىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، H1 دىن
H8 گىچە نومۇر بېرىلگەن⑭. خاككىن بۇ
پارچىلارنى بېيجىڭدا ئا. ۋ. گابائىنغا كۆر-
سەتكەن، كېيىن پارىژدىكى ۋاقتىدا بۇ پارچى-
لارنى ئۇنىڭغا بەرگەنىدى⑮. 1941 ـ يىلى
(خاككىن ئەنگلىيە هاۋا ئارمىيىسىدىكى ۋاق-
تىدا) گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن
ئېتىپ چۈشۈرۈلىدۇ. «شۆەنجۇاڭنىڭ تەرجى-
مىھالى» نىڭ خاككىندىن ئېلىنغان قولىيازما
پارچىلىرىنى ئا. ۋ. گابائىن ئۆرۈشتىن كې-
يىن بۇرۇنقى 240 ۋاراق قولىيازما بىلەن بىر-
لىكتە بېيجىڭغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بۇلار بېي-
جىڭ كۇتۇبخانىسىدا هازىرغىچە ساقلانماقتا.

1931 ـ يىلى كۈزدە يەنى ئا. ۋ. گابائىن
بېيجىڭدىكى ۋاقتىدا شىنجاڭ چۆچەكلىك،
گېرمانىيىدە دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇۋاتقان
فەھمى مۇراد بېرلىندىكى پرۇسسىيە پەنلەر
ئاكادېمىيىسىگە بىر قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇرچە
قولىيازمىلارنى ساتماقچى بولىدۇ. رەشىت
رەھمەتى ئارات بىلەن فەھمى مۇراد سودىلىشى-
دۇ⑯. ر. ئارات بۇ قولىيازمىلارنى تېخىمۇ
تۆۋەن باهادا سېتىۋېلىش ئۈچۈن دەرهال سې-
تىۋالمايدۇ، ھەتتا بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ قايتىپ
كېتىشىگىمۇ توسقۇن بولمايدۇ⑰.

فەھمى مۇراد ئەكسىچە پارىژغا بېرىپ بۇ
123 ۋاراقتىن ئىبارەت بولغان «شۆەنجۇاڭ-
نىڭ تەرجىمىھالى» قولىيازمىسىنى 16 ۋاراق
ئابىتاكى بىلەن قوشۇپ 8000 فرانكقا گۈي-
مېت مۇزېيىغا ساتىدۇ. بۇ قولىيازمىلارنىڭ
بۈگۈنكى كۈندىكى تىزىملانغان نومۇرى47476
⑱. ر . ئاراتنىڭ «شۆەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھا-
لى» پارىژدىكى پارچىلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ھەق-

www.uyghurkitap.com

قىدە يازغانلىرى⑲ بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدۇ
⑳، ھەتتا بىرلا ۋاقىتدا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ
توغرا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ㉑.
ئەمما فەھمى مۇراد ئاكادېمىيىدە ر. ئاراتنى
زىيارەت قىلغان ۋاقىتىدا بۈگۈن ئىستانبۇلدا
ساقلىنىۋاتقان ئابىتاكىنىڭ بەش پارچىسىنى
ئۇنىڭغا ساتقان ياكى ھەدىيە قىلغانلىقىنى پە-
رەز قىلىش مۇمكىن㉒.
كىرىش سۆز قىسمىدا تىلغا ئالغىنىمىز-
دەك، سانكىت پېتېر بۇرگدا ساقلىنىۋاتقان㉓
94 ۋاراقنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە ئە-
سەرنىڭ 8 - بۆلۈمىنىڭ㉔ كىرىش سۆز قىس-
مىدا ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. ئەمما بۇ پارچى-
لارنىڭمۇ فەھمى مۇراد ۋە ياكى ئۇنىڭ ئائىلى-
سى تەرىپىدىن سېتىلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا
بولىدۇ. بۇ قوليازما ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن
بولۇپ، مۇنداق قىلىش ئارقىلىق كۆپرەك پاي-
دا ئېلىش مەقسەت قىلىنغان بولسا كېرەك،
ھەر بىر بۆلەك بۇ ئەسەرنىڭ باش، ئوتتۇرا
ۋە ئاخىرقى قىسىملىرىدىن ئىبارەت بولغان.
بۇ قولىيازمىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا قىسىملىرى-
نىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىش
مۇمكىن. ئا. ۋ. گابائىن ㉕ ۋە خامىلتون
㉖لارنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك بۇ قولىيازما ئىك-
كى خالتىغا ئەمەس، بەلكى بىر خالتىغا سېلى-
نىپ يەرگە كۆمۈلگەن. ئەسەرنىڭ باش ۋە
ئاخىرقى قىسىملىرىنىڭ ئېخىمۇ كۆپ بۇزۇ-
لۇپ كەتكەنلىكى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

## قولىيازمىنىڭ كۆرۈنۈشى

بۇ قولىيازمىنى تەتقىق قىلغان گابائىن㉗
قولىيازمىنىڭ بەتلىرى رەتلىنىشتىن بۇرۇنقى
كۆرۈنۈشىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:
«بۇ ئەسەر جىگەر رەڭلىك، يوللۇق قې-
لىن قەغەزگە يېزىلغان، كەڭلىكى 20س. م،
ئۇزۇنلۇقى 46س. م بولۇپ، بەتلەرنىڭ تۆت
ئەتراپى ئۇپراپ كەتكەن؛ پۈتۈن ساقلانغان بى-
رەر بەتنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. قولىيازمىنىڭ
ھەر بىر قۇرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14س. م، ھەر
بىر بەتكە 27 قۇردىن خەت يېزىلغان. پۈچى
تۆشۈكى ئەتراپىدىكى 6 - قۇر بىلەن 8 - قۇر
ئارىسىغا قىزىل رەڭلىك بىر چەمبەر سىزىل-
غان. ئەسەرنىڭ قۇرلىرى ۋە ھەر بىر بەتنىڭ
تۆت ئەتراپىغا سىزىلغان سىزىقلار قىزىل رەڭ-
دە، بەت نومۇرلىرى ئەينى چاغدىكى ئادەتلەر-
گە ئاساسەن بەت ئارقىسىغا يېزىلغان. بەتلەر-
گە بابلارغا ئاساسەن بەت نومۇرى قويۇلغان»
.
ئەسەرنىڭ 1-بۆلۈمىدىن ھازىرغىچە ھېچ-
قانداق پارچە تېپىلغىنى يوق㉘. ساقلانغان
قەدىمكى مەتىن 2-بۆلۈمنىڭ كېيىنكى چارىكى
(يەنى خەنزۇچە مەتىن 3. 232a, 50. T. T)
دىن باشلىنىدۇ. ئەمما بۇ پارچىلار بۇ بۆلۈم-
نىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىغىچە (خەنزۇچە مە-
تىن 20. 233b) ئۈلىشىدۇ. ھازىرغىچە 2 -
بۆلۈمدىن ساقلانغىنى 24ۋاراق بولۇپ، بۇلار-
نىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئۇششاق پارچىلاردىن
ئىبارەت. بۇ پارچىلار 2 - بۆلۈمنىڭ ئوڭ
تەرەپ تۆۋەنكى بۇلۇڭلىرى بولۇپ، ھەر بېتىدە
بەشتىن سەككىز قۇرغىچە خەت ساقلىنىپ
قالغان. بۇلاردىن 14 ۋاراقنى پېتېر زېمى
تەتقىق قىلىپ نەشر قىلدى㉙. بىر قىسىم
كىچىك پارچىلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بې-
رىلمىدى㉚. بۇلار بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان
قولىيازمىنىڭ184 - ۋارىقىدىن 192 - گىچە
بولغان ۋاراقلىرى بىلەن 194 - ۋارىقىغا توغرا
كېلىدۇ. بۇ يەردە كەم بولغىنى شۈەنجۇاڭنىڭ
ھىندىستان يولىدىكى سەپىرىنىڭ تەسۋىرى ۋە
يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە شەكىللىرى قاتار-
لىقلار بولۇپ، بۇ مۇشۇ بۆلۈمنىڭ قىزىقارلىق-
نۇقتىلىرى ئىدى. شۈەنجۇاڭنىڭ ھىندىستان-

دىن قايتىشىدا باشقا بىر يولنى تاللىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا بېسىپ ئۆتكەن يەرلىرىنىڭ تېخىمۇ ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن قايتىش سەپىرى تەسۋىرلەنگەن بۆلۈملەر بۇ بوشلۇقنى تولدۇرالمايدۇ.

بىز نەشر قىلغان 3 - بۆلۈمنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىن پەقەت ئۈچ ۋاراق كەم، قەمكى ئۇيغۇرچە مەتىن «تاڭنامە» نىڭ 234 - بېتىدىكى 5 - قۇر (13خەت) دىن باشلىنىپ، بۇ قىسمىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ پارچىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە پەقەت تۆۋەنكى قىسمىنىڭ ئۈچتىن بىرى، بىرقانچىسىدە (يەنى بۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرىغا يېقىنلاشقانسېرى) ئاستىنقى يېرىمى ساقلانغان. هازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ 44 ۋاراقنىڭ ئىككىسى سانكىت پېتربۇرگدا، 11ى پارىژدا ۋە قالغانلىرى بېيجىڭدىدۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق ئۇچۇر ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە قاراڭ:

4 - بۆلۈمنىڭ باش قىسمىدىن يەتتە ۋاراق كەم. قالغان 42 ۋاراق هازىر پارىژدا ساقلانماقتا. لېكىن بۇ ۋاراقلارنىڭ ئۈستۈنكى قىسىملىرى خېلى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان. 50 ۋاراقتىن تەركىب تاپقان 5 - بۆلۈمنىڭ ۋاراقلىرى پۈتۈنلەي تولۇق ساقلانغان. بۇلارنىڭ ئالتىسى پارىژدا، قالغانلىرى سانكت پېتربۇرگدا ساقلانماقتا. 6 - بۆلۈمدىمۇ ئەھۋال خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. بۇ بۆلۈمنىڭ 34 ۋارىقىنىڭ 23ى سانكىت پېتربۇرگدا، قالغان 11 ۋارىقى پارىژدىدۇر.

40 ۋاراقتىن تەشكىل تاپقان 7 - بۆلۈم تولۇق ساقلانغان. بۇ بۆلۈمنىڭ 17 ۋارىقى پارىژدا، قالغان 23 ۋارىقى بېيجىڭدا.

8 - بۆلۈمگە كەلسەك، خەنزۇچە «تاڭنامە» گە قارىغاندا بۇ بۆلۈمنىڭ باش قىسمىدىن 26C . 12_13 گە توغرا كېلىدىغان مەزمۇندىن پەقەتتۆت ۋاراق كەم. بۇ بۆلۈمدىكى ۋاراقلارنىڭ ئاستىنقى قۇرلىرىدا بەزى ئۇپراپ يوقالغان يەرلەرنى هېسابقا ئالمىغاندا، 5 - ۋاراقتىن 45 - ۋاراققىچە بولغان قىسىملىرىنىڭ هەممىسى تولۇق. بۇ بۆلۈمنىڭ 15 ۋارىقى سانكىت پېتربۇرگدا، 26 ۋارىقى پارىژدا ساقلانماقتا.

9 - بۆلۈمگە تەۋە بولغان 41 ۋاراقنىڭ هەممىسى بار بولسىمۇ، لېكىن بۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرىغا بارغانسېرى قولىيازما كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغان.

10 - بۆلۈمدىن «تاڭنامە» گە ئاساسلانغاندا 279 - بەت C قىسمىدىكى 13 - قۇرغىچە بولغان 31 ۋاراق هازىرغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ ۋاراقلارنىڭ هېچبىرى تولۇق ئەمەس، كۆپىنچە پارچە - پۇرات هالەتتە. ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ۋاراقتىن هازىرغىچە هېچقانداق بىر پارچە تېپىلمىدى.

ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكلىرى ۋە خەت شەكىللىرى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش توغرىسىدا «شۈەنجۇاڭنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى» دېگەن يەنە بىر قىسىمدا تەپسىلىي توختىلىمىز.

## ئەسەرنىڭ تەتقىق قىلىنىش تارىخى

ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، گاباﺋىن ئەسەرنىڭ بېيجىڭدىكى ۋاراقلىرىنى 1932 - يىلىدا ئېنىقلاپ چىققان ۋە ترانسكرىپسىيە قىلغانىدى. ئۇ بېرلىنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن فەھمى مۇرادنىڭ قولىيازمىنى ئاكادېمىيىگە ساتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلايدۇ ۋە پ. پېللىئوت بىلەن بولغان خەت ئالاقىسى جەريانىدا بۇ قولىيازما ۋاراقلىرىنىڭ ئاللىقاچان گۇيمېت مۇزېيى تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەنلى-

www.uyghurkitap.com

كىدىن خەۋەر تاپىدۇ ۋە بۇرۇن بېيجىڭدا ئىشلىگەن خىزمىتى سەۋەبىدىن پارىژدىكى پارچىلارنىمۇ نەشر قىلىش رۇخسىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. پارىژدا ئالتە ھەپتە تۇرۇپ بۇ قوليازما ۋاراقلىرىنى كۆپەيتىدۇ[31].

قوليازمىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا گابائىن تەرىپىدىن قىلىنغان ترانسكرىپسىيىسى قوليازمىنىڭ ھازىرقى ساقلانغان قىسمىغا قارىغاندا تېخىمۇ تولۇق، چۈنكى پارىژدىكى ۋاراقلار كەسىپ ئەھلى بولمىغان بىر قىسىم رەتلىگۈچىلەرنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن كېيىن مەلۇم دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغانىدى[32].

ر. ئاراتنىڭ ئېيتقىنىدەك[33]، بۇ قدىيىن قوليازمىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە جۇڭگو بۇددىزمى ھەققىدە ئالاھىدە بىلىمگە ئىگە بولغان بىرسى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىشى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئالاھىدە بىر ئەھۋالدۇر.

بۇ دەسلەپكى ۋاراقلار (5 ـ بۆلۈم) ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات «پرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يىغىن مەلۇماتلىرى»دا نەشر قىلىنغان[34]. گابائىن بۇ تەتقىقاتنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا قوليازمىنىڭ بارلىقىدىن قانداق خەۋەردار بولغانلىقى، تەرجىمان ۋە تەرجىمىنىڭ تەخمىنىي تارىخى، ئەسەردە ئۇچرىغان خەنزۇچە سۆزلۈكلەر، قوليازمىنىڭ تىلى ۋە يېزىلىش ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىق تېمىلاردا بىربىرلەپ توختىلىپ ئۆتكەندى. گابائىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە گېرمانچە تېكىستنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خەنزۇچە تېكىستنىڭ ياردىمى بىلەن قوليازمىدىكى بىر قىسىم كەم يەرلەرنىمۇ تولۇقلىيالىغانىدى. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر ئىندېكس بەرگەنىدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئېلان قىلىنىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، «تۈركىيات» ژۇرنىلىدا ر. ئارات تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلغانىدى[35].

1938 ـ يىلى گابائىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەتقىقات ئۇسۇلى ئارقىلىق 7 ـ بۆلۈمدىكى خەتلەرنى نەشر قىلدى[36]. بۇ نەشرىدە قوليازمىنىڭ بىر پارچە رەسمى تۇنجى قېتىم قوشۇپ ئېلان قىلىنىدۇ. د. سىنور «ئاسىيا ژۇرنىلى (Journal Asiatique)» نىڭ 1939 ـ يىلدىكى 10 ـ 11 ـ ئايلىق سانىدا 47 بەتلىك ماقالىسى بىلەن بۇ ئەسەرنى تونۇشتۇرىدۇ[37]. ئۇرۇش باشلىنىپ قالغانلىقتىن بۇ تونۇشتۇرۇشنىڭ نەشر قىلىنىش ۋاقتى ئارقىغا سوزۇلۇپ كېتىپ، 1942 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. بۇ تونۇشتۇرۇش ئەينى ۋاقىتتىكى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ترانسكرىپسىيىلەر ئىچىدە قىممەتلىك بولغان بىر سىستېمىلىق تەتقىقات ئىدى. لېكىن بۇ تونۇشتۇرۇشتا د. سىنور قەدىمكى ئۇيغۇرچىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئورنىغا خەنزۇچىنىڭ تارىخىي فونېتىكىسىنى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

ۋاڭ جۈگمىن ۋە جى شيەنلىن ئەپەندىلەر تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بېيجىڭ قوليازما ۋاراقلىرىنىڭ رەسمى بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەتىننىڭ تەتقىق قىلىنىش تارىخىدا بىر ئىلگىرىلەش باسقۇچىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ل. يۇ. تۇگۇشېۋانىڭ 1991 ـ يىلى سانكىت پېتىربۇرگدىكى ۋاراقلارنى ئوخشاش بىر خىل ئۇسۇل بىلەن نەشر قىلدۇرۇشى بۇ قوليازمىنىڭ بارلىق قىسىملىرىغا ئېرىشكىلى بولىدىغان ھەم بۇ قىسىملارنى تەتقىق قىلىشقا مۇمكىن بولىدىغان ياخشى بىر ۋەزىيەتنىمەيدانغا

كەلتۈردى.

1930 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئا. ۋ. گاباىن بېيجىڭ ۋە پارىژلاردىكى مەتىنلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن پۈتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ نەشر قىلغان ئىككى كىتابى بۇ تېمىنى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىگە سۇنۇش ۋە مەتىننىڭ تېخىمۇ چوڭ بۆلۈملىرىنى نەشر قىلىش ئۈچۈن بولغان بولۇشى مۇمكىن. روشەنكى، ئۇ كېيىنچە 3- ۋە 7 - بۆلۈملەرنى نەشر قىلىشنى ئۈمىد قىلغان. مەريەم ئاپىنىڭ بۇ ھەقتە خېلى كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقى بىزگە مەلۇم بولغان يىپ ئۇچلىرىدىن ئايدىڭدۇر. لېكىن، بۇ ئىككى كىچىك ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇنىڭغا بۇ پىلانىنىڭ قېيىنچىلىقلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇ ئۇرۇشتىن كېيىن بۇ مەتىن ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارمايدۇ ۋە 80 - يىللاردا ئۆزى قىلغان يېزىق تەرجىمىسىنى DFG نىڭ قوللىشى بىلەن سىستېمىلىق تۈردە بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلىۋاتقان گېيبېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىدۇ. گېيبېندىكى بۇ يېڭى خىزمەتنىڭ تۇنجى كىتابى (7 - بۆلۈم) 1991 - يىلى نەشر قىلىندى.

60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ بۇ تەرجىمىھالنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرى ھەققىدە پارچە - پارچە ھالەتتە خېلى كۆپ ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ قىسىمدا كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتسىز. بۇ ئەسەرلەر ئۈچۈن «شۈەنجۇاڭنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى» ناملىق كۆپ قىسىملىق ئەسەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىغا قارالسا بولىدۇ.

**3 - بۆلۈم ئۈستىدە ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار**

3- بۆلۈمنىڭ دەسلەپكى ئىككى ۋارىقى (سانكت پېتربۇرگ توپلىمىدىن، بىزنىڭ كىتابىمىزدا 1 - قۇردىن 39 - قۇرغىچە) 1991 - يىلى ل. يۇ. تۇگۇشېۋا㊳تەرىپىدىن ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى ۋاراق 10 - بۆلۈمنىڭ ئىچىدە كۆرسىتىلگەنىدى. 1992 - يىلى قاھار بارات 3 - بۆلۈمنىڭ بار بولغان ھەممە قىسىملىرىنى ئىشلەشنى مەقسەت قىلىدۇ ۋە بۇ ۋاراقلارنى توغرا بىر شەكىلدە بۇ بۆلۈمنىڭ㊴ باش قىسمىغا قويىدۇ. لېكىن ئۇ بۇ ۋاراقلارنىڭ 3 - بۆلۈمنىڭ قايسى قىسمى (4-، 5- ۋاراقلار) ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. قاھار بارات پارىژدىكى 3 - قىسىمغا تەۋە بولغان پارچىلارنى تىلغا ئالغان توئالستېر (Toalster) ㊵ نىڭ ئەسىرىنى پايدىلانغان ماتېرىياللار قىسمىدا تىلغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ۋاراقلار (بىزنىڭ كىتابىمىزدىكى 40 - قۇردىن 53 - قۇرغىچە، 820 - قۇردىن 992 - قۇرغىچە بولغان ۋاراقلار) غا ئېتىبار بەرمەستىن، تەتقىقاتىدا سانكت پېتربۇرگ ۋە بېيجىڭدىكى (بىزنىڭ نەشرىمىزدە 54 - قۇردىن 819 - قۇرغىچە بولغان ۋاراقلار) بىلەن چەكلىنىپ قالغان. قاھار بارات يەنە پېتېر زىمې㊶نىڭ 1990 - يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرى (بىزنىڭ مەتىنىمىزنىڭ 822 - ۋە 861 - قۇرلىرىنىڭ تەڭ ۋارىئانتى) نى كۆرمىگەن.

گەرچە بۇ ۋاراقلارغا تەرتىپ نومۇرى بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ، قاھار بارات بۇنى سىناپ كۆرمىگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قاھار بارات بۇ پارچىلارنىڭ بەت ئىچىدىكى ئورنىنى توغرا كۆرسىتىپ بەرگەن (ۋاراقلارنىڭ تۆۋەنكى ئوڭ بۇرجىكى)، لېكىن ۋاراقلا-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

رنىڭ ئالدى يۈزىدە ساقلىنىپ قالغان ھەرپلەر-
نىڭ مەتىن يۈزىنىڭ قىرغاقلىرى ئىكەنلىكىنى
بىلمىگەن.㊷ شۇ سەۋەبلىك ئۇ، بۇ ئەسەرنىڭ
ھەر بېتى 26 قۇردىن تەشكىل تاپقان دېگەن
خاتا ھۆكۈمنى چىقارغان㊸. ئۇ خۇددى گاباي-
ئىننىڭ 1935 - يىلىدىكى ئەسىرىدە قىلىنغى-
نىغا ئوخشاش قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستىنىڭ
يېنىدا خەنزۇچە تېكىستكە ئورۇن بېرىدۇ. شۇ-
نىڭدەك يەنە بەزىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر-
نىڭ ئاستىغا بۇ سۆزگە ئۇيغۇن دەپ ھېسابلى-
غان خەنزۇچە خەتلەرنى بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت قاھار باراتنىڭ ئەسىرى-
دە قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ تاۋۇش ئالا-
ھىدىلىكلىرى خۇددى كلاۋسون (1972) نىڭ
لۇغىتىدە سادىر بولغىنىدەك توغرا ترانسكرى-
پسىيە قىلىنمىغان. مۇنداق سۆزلەرگە كىتا-
بىمىزنىڭ ئىزاھات قىسمىدا ئالاھىدە توختى-
لىپ ئۆتمەيمىز. ئەمما بىز قاھار بارات تەي-
يارلىغان تېكىستتىكى خاتا ئوقۇلغان نۇقتىلار-
نى «ق. بارات» دېگەن قىسقارتما ئارقىلىق تو-
زىتىپ ئۆتىمىز.

قاھار باراتنىڭ ئىككى بەتلىك ئىزاھاتى
ئەلۋەتتە تولىمۇ ئاز. لېكىن ئۇنىڭ ئىندېكى-
سى «ئو» بىلەن «ئۆ» نى، «ئۇ» بىلەن «ئۈ» نى
ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا
خېلىلا پايدىلىق.

بېيجىڭ قولىيازمىسىنىڭ نەشرىدە تۆۋەن-
دىكى ۋاراقلارنىڭ «ئا» ۋە «ب» بەتلىرى ئۆز-
ئارا ئالمىشىپ كەتكەن:

124 (a)143، 144، 145، 146، (b)،
143(a)، 137، 138، 139، 140، 141، 142،
134، 127، 128، 129، 130، 135، 136،
32، 33، 34، 35، 36، 37، 131، 132، 133،
27، 28، 29، 30، 31

## 3 - بۆلۈمنىڭ مەزمۇنى

3-بۆلۈم شۆەنجۇاڭنىڭ ھىندىستاندىكى
كەچۈرمىشلىرىنى بۇ ئۇستازنىڭ كانياكۇبجا
(Kanyakubja) دىن ئايرىلىپ شەرقىي جەنۇب-
قا قاراپ ئاتلىنىشى بىلەن (Ayadhya) ئەترا-
پىدىكى يەرلەرنى زىيارەت قىلىۋاتقان ۋاقتىدىن
باشلاپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يەردىن كېمە بىلەن
گانگ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا بارغىلى
بولىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستتە بۇ بۆ-
لۈمنىڭ باش قىسمى كەم. پەقەت «تاڭنامە»
گە ئاساسلانغاندا 234 - ۋاراق «ئا» بېتىنىڭ
5 - قۇرىدىن كېيىنكى قىسمى بار. بۇلاڭچىلار
كېمىنى قولغا چۈشۈرۈپ، يولۇچىلارنى بۇلاي-
دۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شۆەنجۇاڭنىڭ تەققى -
تۇرقىنىڭ قاملاشقانلىقىغا قاراپ، ئۇنى ئايال
تەڭرى دۇرگا(Durga) ئۈچۈن قۇربانلىق قى-
لىشنى قارار قىلىشىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچە
تېكىستتە بۇ بۆلۈم بار بولسىمۇ، ئەمما كۆپ
قىسمى كەم. شۇڭا مەتىننى تولۇقلاپ يېڭىدىن
قۇراشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى يوق. شۇڭا 1 -
قۇردىن 39 - قۇرغىچە بولغان قىسىملارنىڭ
تەرجىمىسىنى پەقەتلا خەنزۇچە ئەسلى نۇسخى-
سىغا ئاساسەن بېرىمىز㊹. ئۇنىڭدىن كېيىن-
كى قۇرلار (يەنى Beal 88 - بەت، 40 -
قۇردىن 61 - قۇرغىچە) بۇلاڭچىلار بىلەن بول-
غان تالاش - تارتىشلار بىلەن ئاياغلىشىدۇ. بۇ
قۇرلارغا شۆەنجۇاڭنىڭ شىمالىي ھىندىستاندى-
كى مۇقەددەس جايلارغا قىلغان زىيارىتى ئۇلى-
نىدۇ. قولىيازمىدا بۇزۇلغان ئورۇنلارنىڭ
كۆپلۈكىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىست بىر
بىرىگە ئۇلاشماي، ئاتلاپ - ئاتلاپ داۋاملىشى-
دۇ. ئايامۇخا (Ayamukha) غا ساياھەت
(Beal 90 - بەت، 62 - قۇردىن 65 - قۇرغى-
چە)، پراياگا دىكى قۇربانلىق قىلىش ئورنى-

نىڭ تەسۋىرى (Beal 90 - بەت، 70 - قۇردىن 77 - قۇرغىچە)، كائۇ سامبىدىكى مۇقەددەس جايلارنىڭ تەسۋىرى (Beal 91 - بەت، 78 - قۇردىن 102 - قۇرغىچە)، ۋىساخا (Visakha) دىكى بىر ئىبادەتخانا بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەر تۈرلۈك مۇقەددەس ئورۇنلارنىڭ زىيارەت قىلىنىشى (Beal 92 - بەت، 104 - قۇردىن 110 - قۇرغىچە)، سراۋاستى بىلەن ئۇ ئەتراپتىكى مۇقەددەس جايلارنىڭ زىيارەت قىلىنىشى (Beal 93 -، 94 - بەتلەر، 114 - قۇردىن 147 - قۇرغىچە)، بۇددا كاسياپا بىلەن مەشھۇر بولغان قوشنا جايدىكى بىر شەھەر خارابىسىنىڭ كۆزدىن كۆچۈرۈلۈشى (Beal 94 - بەت، 148 - قۇردىن 154 - قۇرغىچە)، كاپىلاۋاستۇ ۋە ساكيامۇنىنىڭ ئانىسى مايانىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ خارابىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىبغىر بوي ۋاقتىدا تۇرغان ئورنى ۋە ساكيامۇنىنىڭ شاھزادە ۋاقتىدا ياشىغان يەرلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى (Beal 95 - بەت، 157 - قۇردىن 175 - قۇرغىچە)، بىر ئەجدىھا بىلەن پىللار چوقۇنىدىغان بىر ستۇپاسى (Stupasi) بىلەن راما (Rama) غا قىلىنغان زىيارەت (Beal 96 - بەت، 176 - قۇردىن 199 - قۇرغىچە)، كۇسىناگارا دا بۇددساتۋا نىرۋاناغا يېتىشكەن مۇقەددەس يەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى (Beal 97 -، 98 - بەتلەر، 205- قۇردىن 233 - قۇرغىچە)، ۋاراناسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەر خىل مۇقەددەس ئورۇنلارغا قىلىنغان زىيارەت (Beal 100 - بەت، 235 - قۇردىن 264 - قۇرغىچە)، ماگادخا ئۆلكىسىدىكى بودخى دەرىخى (Beal 101 — 105 - بەتلەر، 285-قۇردىن380-قۇرغىچە)، نالاندا ئىبادەتخانىسى (Beal 105 - 113 - بەتلەر، 383 - قۇردىن 569- قۇرغىچە)، راجاگرخا (Beal 113 - ۋە 114- بەتلەر، 570- قۇردىن 593 - قۇرغىچە)، Gradharakuta تېغى (Beal 114 - بەت، 594- قۇردىن 604- قۇرغىچە)، ۋېنۇۋانا (Beal 115 - بەت، 605 - قۇردىن 628 - قۇرغىچە) لارغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان مۇقەددەس ئورۇنلارغا قىلىنغان زىيارەت، ھەر ئىككى ئۆلكىدە شۇ ئەتراپتا ئورۇنلاشقان Sthavira لارنىڭ تۇنجى يىغىنى (Beal 115 - بەتتىن 117 - بەتكىچە، 629 - قۇردىن 692- قۇرغىچە) بىلەن ماخاساڭخىكالارنىڭ يىغىنىنىڭ بايانى (Beal 117- بەت، 695 - قۇردىن 712- قۇرغىچە)، ھەر ئىككى ئۆلكىدە بۇ ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەن ۋە پادىشا بىمبىسارا دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان راجاگرخانىڭ ھېكايىسى ھەم بۇ شەھەردىكى مۇقەددەس جايلارنىڭ تەسۋىرى (Beal 118 - بەت، 713 - قۇردىن 745 - قۇرغىچە)، ئۇنىڭدىن باشقا نالاندا بىلەن راجاگرخا ئەتراپىنىڭ تەسۋىرى (Beal 119-بەت، 746-قۇردىن 766-قۇرغىچە)، «غازلار ستۇپاسى» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش ھېكايىسى (Beal 119 -، 120 - بەتلەر، 767 - قۇردىن 792 - قۇرغىچە)، شۈەنجۇاڭنىڭ نالاندا دا تەلىم ئېلىشى ھەققىدىكى تەسۋىر (Beal 120 -، 121 - بەتلەر، 794 - قۇردىن 830 - قۇرغىچە) قاتارلىقلارغا «شۈەنجۇاڭ تەرجىمىھالى» نىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىدىمۇ، شۇنىڭدەك خەنزۇچە مەتىنىدىمۇ ئورۇن بېرىلگەن. سانسكرىت تىلىنىڭ تولىمۇ ئۆزۈن چۈشەندۈرۈلگەن قىسمىنىڭ بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشى (Beal 122 - بەتتىن 124 - بەتكىچە) ئارقىلىق گراماتىكىنىڭ (سانسكرىتچە ۋياكارانا) ئىلاھىي مەنبەلىك بولۇشى توغرىسىدىكى ھې-

www.uyghurkitap.com

كايە (Beal 126-، 127-بەتلەر، 831-قۇردىن 871-قۇرغىچە)، خىرانىياپارۋاتا يولى ئۇستىدىكى كاپوتاكا ئىبادەتخانىسىنىڭ تەسۋىرى (Beal 125- ۋە 126-بەتلەر، 874-قۇردىن 910-قۇرغىچە) ۋە شۈەنجۇاڭنىڭ ئۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى (Beal 126- ۋە 127-بەتلەر، 911-قۇردىن 946-قۇرغىچە)، خىرانىيا بىلەن ئۇ يەردىكى مۇقەددەس يەرلەرنىڭ تەسۋىرى (Beal 127-بەت، 947-قۇردىن 980-قۇرغىچە) ۋە ئاخىرىدا تەرجىمانىنىڭ سۆزى بىلەن بۇ بۆلۈم ئاياغلىشىدۇ (Beal 981-قۇردىن 992-قۇرغىچە).

ئىزاھلار:

① فاكسىمىل نەشرىدە (1-بۆلۈم 1-قىسىم C گە قاراڭ) قوليازمىنىڭ 194 پارچە رەسمى بېرىلگەن. بۇنىڭ كىرىش سۆزىگە قارىغاندا، قوليازما 240 پارچىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. گابائىن (1935-، 152) «ئۆپراق پارچىدىن تەخمىنەن 240 ۋاراق» دەيدۇ. دېمەك، بۇنىڭ ئىچىدە «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ بېرىلىندىكى قوليازما پارچىلىرى كۆزدە تۇتۇلمىغان.

② گابائىن: 1935، 152، فېڭ جياشېڭ: 1953، 1.

③ فېڭ جياشېڭ: 1953، I گە ئاساسەن.

④ 1986-يىلى 9-ئاينىڭ 3-كۈنى كلاۋس رۆھربورنغا يازغان بىر پارچە خەت.

⑤ گابائىن: 1935، 152.

⑥ گابائىننىڭ 1986-يىلى 9-ئاينىڭ 3-كۈنى يازغان خېتىدە بۇ قوليازمىنىڭ پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلگەنلىكى ياكى ئۇنى ئۆزى ئېلىپ بارغانلىقى ئېنىق ئېيتىلمىغان. فېڭ جياشېڭ (1953، I) گە ئاساسلانغاندا، ئىككىنچى پەرەز ئېھتىماللىققا يېقىن، چۈنكى ئۇ خېتىدە ئا. ۋ. گابائىن بۇ قوليازمىنى ئارىيەتكە ئالغان، دەپ يازىدۇ.

⑦ بۇلارنىڭ ھەممىسى 1986-يىلى 9-ئاينىڭ 3-كۈنى يېزىلغان خەتكە ئاساسەن.

⑧ فېڭ جياشېڭ: 1953، II.

⑨ گابائىننىڭ 1946-يىلى خاككىنغا تەۋە قوليازمىلارنى بېيجىڭغا ئەۋەتكەنلىكى بۇنى تەستىقلايدۇ.

⑩ 1986-يىلى 9-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى خەتتە شۇنداق يېزىلغان.

⑪ 1986-يىلى 9-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى خەت بىلەن سېلىشتۇرۇڭ.

⑫ پېتېر زىېمې: 1990.

⑬ «تۇرپان»، ئا. ۋ. گابائىننىڭ 1986-يىلى 9-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى خېتىگە ئاساسەن. خاككىن توپلىغان ماتېرىياللار ئارىسىدىكى ئابىتاكى پارچىلىرىدىن بىرىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى (ھازىر كلاۋس رۆھربورندا)، «خاككىن بېزەكلىكتىن توپلىغان ماتېرىياللار (ئا. ۋ. گابائىننىڭ قولىدىن)».

⑭ گابائىن: 1935. 152.

⑮ گابائىن «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ پارىژدىكى پارچىلىرىغا قىلغان ترانسكرىپسىيىسىنىڭ 1-بېتىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ كەم قوليازمىنىڭ باشقا بۆلۈملىرى بېيجىڭ خەلقئارا كۇتۇپخانىسىدىكى يۈەن ئەپەندى قولىيازمىسى ۋە پارىژدىكى خاككىن قولىيازمىسىدۇر». بىز بۇ سەككىز ۋاراقنىڭ مەلۇم بىر ۋاقىت گابائىندا قالغانلىقى توغرا بولغان، دەپ قارايمىز. چۈنكى، ئۇ خاككىندىن بىر نەچچە ئابىتاكى پارچىسىنىمۇ ئالغانىدى، بۇ پارچىلار سېلىنغان كونۋېرتنىڭ ئۈستىگە «خاككىن ئەپەندىدىن ئېلىنغان، ئۇنىڭ شىنجاڭدا قىلغان ساياھىتى-

دىن كېيىن تۇرغان ئورنى ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئايروپىلانى 1941 - يىلى گېرمان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

⑯1980 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كلاۋس رۆھربورنغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بېرلىنغا قايتىپ كەلگىنىمدە تۇرپانلىق بىر ئۇيغۇر ر. ئاراتقا باشقا بىر قولىيازمىنى كۆرسەتكەن...». گابائىن بۇ يەردە ۋاقىتنى توغرا كۆرسىتەلمىگەن. چۈنكى ئۇ بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگىنىدە بۇ ئىشنىڭ يۈز بەرگىنىگە بىر يىل بولغانىدى. بۇ خاتالىق ئۇنىڭ 1986 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يازغا خېتىدىمۇ يۈز بېرىدۇ.

⑰ گابائىننىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئۇچۇر.

⑱ خامىلتون: 1996 - يىل، 492 - ئىستونغا ئاساسەن. سېتىلىش ۋاقتى پارىژدىكى پارچىلارغا گابائىن تەرىپىدىن قىلىنغان ترانسكرىپسىيىنىڭ تۈنجى بېتىدىكى ئىزاھقا ئاساسەن توغرىلانغان ھالەتتىدۇر، يەنى «1931 - يىلى يازدا تۇرپانلىق ئۇيغۇر فەھمىدىن سېتىۋېلىنغان».

⑲ ر. ئارات. 1964، 8.

⑳ ر. ئاراتنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ پارچىلار فەھمى مۇراد بىلەن سودىلىشىش جەريانىدا بېرلىندا رەتكە سېلىنغان ۋە «خەنزۇشۇناش دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن» قايسى قىسىمغا تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ چىقىلغان. ئەمما، بۇ ئېنىقلاش گابائىننىڭ تۆھپىسى بولۇپ، 1932 - يىلى قىلىنغان(گابائىن 1935، 152 ۋە گابائىننىڭ 1980 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى خېتى بىلەن سېلىشتۇرۇڭ). ئەگەر بۇ قولىيازما پارچىلىرىنى ھەقىقەتەن بېرلىنلىق خەنزۇشۇناسلار ئېنىقلاپ چىققان بولسا، بۇ پارچىلار بۈگۈن بېرلىندىكى ماتېرىياللار ئىچىدە بولغان بولاتتى.

㉑ر. ئارات فەھمى مۇرادنىڭ قولىيازمىلارنى پارىژ خەلقئارا كۇتۇپخانىسىغا ساتقانلىقىنى يازىدۇ.

㉒خامىلتوننىڭ ئىستانبۇلدىكى بۇ پارچىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە يازغانلىرى توغرا ئەمەس(تېمىر - كۇدارا- رۆھربورن، 1984، 15 بىلەن سېلىشتۇرۇڭ). بەلكىم ئىستانبۇلدىكى پارچىلار بۇ پارچىلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، فەھمى مۇراد بۇ پارچىلارنى ئۆرنەك سۈپىتىدە بېرلىندا قالدۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

㉓س. گ. كلياشتورنىينىڭ(1995) ل. يۇ. تۇگۇشېۋانىڭ نەشرى(1991) ھەققىدە يازغان تونۇشتۇرۇ- شىدىمۇ بۇ توغرىدا يېڭى بىر قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمەس.

㉔كلاۋس رۆھربورن، 1996، 1.

㉕ئا. ۋ. گابائىن 1935، 154.

㉖خامىلتون 1996. 491 - ئىستون. خامىلتوننىڭ ل. يۇ. تۇگۇشېۋانىڭ نەشرىدىن بەش يىل كېيىن يازغان تونۇشتۇرۇشىدا گابائىنغا ئاساسلانغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ.

㉗ئا. ۋ. گابائىن 1935، 154.

㉘ئابلەت سەمەت ھازىرغىچە ئېنىقلانمىغان بىر قىسىم كىچىك پارچىلارنى 1- بۆلۈمگە تەۋە دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قارىشى ئىسپاتلانسا، بىز كېيىنكى بىر قىسىمدا بۇ ھەقتە يەنە توختىلىمىز*.

㉙پېتېر زىمې، 1990، 85—106- بەتلەر.

㉚بىز بۇ پارچىنى كېيىنكى بىر قىسىمنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە ئېلان قىلماقچى.

㉛بۇلارنىڭ ھەممىسى 1980 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈندىكى ۋە 1986 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈندىكى خەتلەرگە ئاساسلانغان. ئا. ۋ. گابائىن ترانسكرىپسىيىسى Htparنىڭ 198 - بېتىدە، بەتنىڭ قىرغىقىدا 33 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دەپ ئىزاھ بېرىلگەن.

㉜قولىيازمىنىڭ بۇ ئەھۋالى ئۈچۈن كلاۋس رۆھربورن 1991. 2. 4كە قاراڭ.

㉝ر. ئارات : 1936. 333.

㉞ئا. ۋ. گابائىن : 1935.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

㉟ر. ئارات : 1936.
㊱ئا. ۋ. گابائىن: 1938.
㊲د. سىنور: 1939.
㊳ل. يۇ. تۇگۇشېۋا: 1991، 169 — 171 - بەتلەر.
㊴ر. ئارات: 1992، 6-، 7- بەتلەر.
㊵Toalster : 1977. X L IX.
㊶پېتېر زيمې: 1990. 81 — 83 - بەتلەر.
㊷قاھار بارات: 1992، 8، يۇقىرىقى تەرەپتىكى قۇرلارغا سېلىشتۇرۇڭ. قاھار بارات تېكستنىڭ بار بولغان قۇرنىڭ ئاخىرىغا كۆپ چېكىت قويۇش ئارقىلىق تېكستنىڭ داۋامى بارلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئەمەلىيەتتە 125 - ۋە 128 - قۇرلارنى ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەتكۈدەك ئورۇن يوق.
㊸قاھار بارات: 1992. 5.
㊹Beal: «The life of hiun—tsiang», لوندون. 1911 ۋە لى دۇڭشى: «A Biography of the tripataka Master of the Great Tang dynasty. Translated from the of Sramana Huili an shiyancong )taisho, volume 50, number 2053(. Berkeley/california, 1995» گە ئاساسەن.

* ئابلەت سەمەتنىڭ 1 - بۆلۈمگە تەۋە دەپ ئېنىقلاپ چىققان پارچىلىرى «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 1 - بۆلۈمىدىن پارچە، دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا پروفېسسور، دوكتور پېتېر زيمېنىڭ 60 ياشلىقىغا ئاتاپ چىقىرىلغان كىتابتا نەشر قىلىنىش ئالدىدا.

**مەھمەت ئۆلمەز ۋە كلاۋس رۆھربورننىڭ 2001 - يىلى گېرمانىيە ۋىسبادېندا نەشر قىلىنغان «‹تۈركچە شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى› نىڭ 3 - بۆلۈمى» (گېرمان تىلىدا) دىن تەرجىمەقىلىندى:**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئايسىما مىرسۇلتان، ئابلەت سەمەت**

# ئۇ يۇزنىڭ ئۆلۈمى

**ئوشۇرۇف ئىسلام**

(ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن)

**تاھىر تاشبايېۋ**

(تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 1946- يىل 6-
ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇ-
لۇشى بىلەن قوراللىق كۈرەشتىن جىددىي ھەم
كەسكىن سىياسىي كۈرەشكە ئۆتكەنىدى.
بۇ كۈرەشتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
تىنچلىق، بىرلىككە كەلتۈرۈش، دېموكراتى-
يە، ئىتتىپاقلىشىش شۇئارىدىن پايدىلىنىپ،
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى پارچى-
لاش، يىمىرىش، ئاغدۇرۇش، يوقىتىش نى-
يىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئەلۋەت-
تە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىمۇ
تىنچلىق بىتىمىدىن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە
ھۆكۈمەتتىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭ ئەكسى-
يەتچىلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىككە ۋە تاجاۋۇز-
چىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بى ھۆكۈمىتىنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىنى ساقلاپ
قېلىشقا ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنقى-
لاپ ئۇچقۇنىنى شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھۆ-
كۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان باشقا يەتتە ۋىلايەتكە
كېڭەيتىشكە تىرىشتى.
بۇ كۈرەشنىڭ مەزمۇنى ئىككى نۇقتىغا
يىغىنچاقلانغانىدى، بىرىنچىسى، ھەربىي قى-
سىم مەسىلىسى ئۈستىدە گومىنداڭ تەرەپ
بىتىمدىن پايدىلىنىپ مىللىي ئارمىيىنى ئۆز-
گەرتىپ قۇرۇش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ-
نىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ھالسىزلاندۇرۇشقا
ۋە ئۇنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇندى. دەل مۇشۇ
چاغدا جياڭ جيېشى كوممۇنىستىك پارتىيە بى-
لەن چۇڭچىڭدا تۈزۈلگەن «10- ئۆكتەبىر كې-
لىشىمى» نى يىرتىپ تاشلاپ، ئازاد رايونلارغا
ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىۋەتكەنىدى. مۇ-
شۇنداق پەيتتە ھەربىي ھوقۇقنى گومىنداڭغا
تۇتقۇزۇپ قويۇش - قولنى قوشتۇرۇپ ئۆلۈم-
نى كۈتكەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇڭلاشقا
ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بۇ ئىشقا ھوشيار پوزىتسى-
يە تۇتتى. ئىككىنچىسى، ھۆكۈمەت مەسىلى-
سىنى چۆرىدىگەن سىياسىي كۈرەش بولۇپ،
ئۇ ئۆلكىلىك ۋە ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى-



نى سايلاشنى ئاساس قىلغان دېموكراتىك سايلا-
م ئۈستىدە ۋە دېموكراتىيىگە قارشى كۈچلەر
ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان كەسكىن سىيا-
سىي كۈرەش بولدى.

1946 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى
ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت 9 - نۆۋەتلىك
ئەزالار يىغىنى ئېچىپ، ئۆلكىلىك سايلام كو-
مىسسىيىسىنىڭ تەشكىلىي نىزامنى ماقۇللى-
دى ھەمدە جاي - جايلارغا سايلامغا نازارەت
قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.
قارار بويىچە تارباغاتاي ۋىلايىتىگە ئەۋەتىلگەن
ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزاسى سالىس
باشچىلىقىدىكى سايلامغا نازارەت قىلىش گۇ-
رۇپپىسى تارباغاتايدىكى نازارەت خىزمىتىنى
ئوڭۇشلۇق ئىشلەپ، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋا-
قىت ئىچىدە ۋىلايەتكە قاراشلىق ئالتە ناھىيى-
نىڭ كېڭەش ئەزالىرىنى ۋە ھاكىملىرىنى
سايلاپ چىققاندىن سىرت، يەنە ئابلىمىت ھا-
جىيوف، ئابلىز راخمانوف، نىزامىدىن، نۇر-
ساپا سېيىتجانوف، ئابىت، ئۆندۈرخان، چاڭ
بۇ، گۇڭ چىڭ لامادىن ئىبارەت سەككىز كى-
شىنى ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ۋەكىلى قىلىپ
سايلاپ چىقتى. ئەمما جەنۇبىي شىنجاڭدا ساي-
لامنى گومىنداڭ كونترول قىلىپ، سايلام
ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەتتە
ۋىلايەتتە ھاكىم مۇتلەقلىق ئورنىنى مۇستەھ-
كەملەشنى مەقسەت قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى
كەڭ كۆلەمدە بېسىپ، دېموكراتىك كۈچلەرنى
ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھېسداشلىق قىلغۇ-
چىلارنى باستۇرۇپ، ئۇلارنى تۇرلۇك باھانە -
سەۋەبلەر بىلەن قولغا ئېلىپ مەخپىي ئوجۇق-
تۇرۇش قاتارلىق ۋەھشىيانە ۋاستە قوللانغان-
لىقتىن، يەتتە ۋىلايەتكە ئەۋەتىلگەن ئۈچ ۋىلا-
يەت ۋەكىللىرىنىڭ ھاياتمۇ ئېغىر خەۋپ ئى-
چىدە قالدى. نەتىجىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا
قەشقەر، يوپۇرغا، پەيزاۋاتتىن باشقا ناھىيى-
لەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك گومىنداڭچىلار
سايلاندى. شىمالىي شىنجاڭدا بولسا، گومىن-
داڭ سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى ئە-
ۋەتىشنى ئۆزىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆ-
كۈمىتىگە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، مىللىي
ئاداۋەت پەيدا قىلىپ، ئۆزىيىغىدا ئۆزىنى قو-
رۇشنىڭ تېپىلماس پۇرسىتى دەپ بىلدى. تۇ-
يۇزى باشچىلىقىدىكى ئالتاي ۋىلايىتىگە ئەۋە-
تىلگەن سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى-
دىكىلەرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى بۇنىڭ تى-
پىك مىسالى بولالايدۇ.

1946-يىلى ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا ئۆل-
كىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قارارى بويى-
چە، تۇركىستان نوغايبايېف (قازاق، خەنزۇ-
چە ئىسمى تۇيۇزى) باشچىلىقىدا كامالبېك ئۇ-
ۋاشېف (قازاق، خەنزۇچە ئىسمى كې بېن-
چۈەن)، نۇسرەت شەمسى ئوغلى قاتارلىقلار
ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ سايلام ئىشلىرىنى نازارەت
قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىن «ماز» ماركى-
لىق يۈك ئاپتوموبىلى ۋە بىر پىكاپ بىلەن
يولغا چىقىدۇ. ئۇلار ماناس دەرياسى (شۇ ۋا-
قىتتىكى ۋاقىتلىق پاسىل) دىن ئۆتۈپ، جا-
يىرتېغى ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن، پىلانى
بويىچە جىددىي ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى-
نى باشلىۋېتىدۇ. ئۇلار تاغ ئارىسىدا ئۈچ كۈن
يول يۈرۈپ، قازاق مالچىلارنىڭ ئۆيىدە خالى-
غانچە مېھمان بولغاچ مالچىلارنى يىغىپ نۇتۇق
سۆزلەيدۇ. ھەر قېتىملىق نۇتقىدا خەلق ئى-
چىگە پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، قازاق خەلقى
بىلەن باشقا مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا زىددى-
يەت تۇغدۇرۇپ، خەلقنىڭ بىرلىك - ئىتتى-
پاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئۇلار يەنە:

www.uyghurkitap.com

ئالتاي خەلقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تولۇق
بويسۇنىدۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇ-
رۇقلىرىنى تولۇق ئورۇندايدۇ، گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى ئالتاي خەلقىنى بار كۈچى بىلەن
قوللايدۇ، كېيىن قازاقلارغا ئايرىم دۆلەت قۇ-
رۇپ بېرىدۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يېقىندىلا
گۇچۇڭ ئارقىلىق ئالتاي خەلقىگە نۇرغۇن يار-
دەم بۇيۇملىرىنى ئاپىرىپ بەردى، دەپ قۇتراتـ
قۇلۇق قىلىدۇ. ئۇلار يەنە يول بويى تېلېفون،
تېلېگراف ستولبىلىرىنى ئۆرۈپ، سىملارنى
ئۈزۈپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمايدۇ.

ئۇلار 13 ـ ئۆكتەبىر دۆربىلجىنگە يېتىپ
كېلىپ، ناھىيىلىك خەلق كۇلۇبى يېنىدىكى
يازلىق كىنوخانىنىڭ دەرۋازىسى قاسىنقىغا
ئۇلاپ سېلىنغان ئۆيلەرگە ئورۇنلىشىدۇ. ئە-
تىسى (14 ـ ئۆكتەبىر) ئۇلار ئەسلى پىلانى
بويىچە ئالتايغا قاراپ يولغا چىقىشى لازىم ئى-
دى، ئەمما تۈركىستان نوغايبايېۋ، كامالبېك
ئۇۋاشېۋ، شوپۇر سۇڭ نەنشىڭلار گۇرۇپپىنى
دوربىلجىندە قالدۇرۇپ قويۇپ، قانۇنسىز
ھالدا چۆچەك شەھىرىگە بېرىپ، سالىسلار بى-
لەن تېپىشىدۇ ۋە ئۇ يەردە دۇبېك شالغىنبا-
يېۋنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ چۈشىدۇ (ئۇلار
دۇبېك شالغىنبايېۋ ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ يۈر-
گەندە تونۇشاتتى) ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ
قېلىش تەلىپىنى قويىدۇ. دۇبېك شۇ كېچىدە
چۆچەكتىكى بالقاش ئەلمىغازى، ماغاز مىرزا-
قانوۋ، سۇلتان قاناپىن، مەخسۇت تاتانوۋ
قاتارلىق قازاق زىيالىيلىرىنى چاقىرىپ زىيا-
پەت بېرىدۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن
تۈركىستان ئەكسىيەتچى سەپسەتەلىرىنىڭ ئۇ-
چىنى چىقىرىشىغا، دۇبېك شالغىنبايېۋ، بال-
قاش، ماغاز قاتارلىق ھوشيار قازاق زىيالىي-
لىرىنىڭ قاتتىق رەددىيىسىگە دۇچ كېلىپ
جىمىپ قالىدۇ.

زىياپەت تارقىغاندىن كېيىن، دۇبېك
شالغىنبايېۋ، بالقاش، ماغازلار بىلەن تۈر-
كىستان، سالىس، كامالبېكلەر ئوتتۇرىسىدا
كەسكىن مۇنازىرە باشلىنىپ، ئاغدۇرمىچىلىق
بىلەن ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى كۈرەش تاڭ
ئاتقىچە داۋاملىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا دۇبېك
شالغىنبايېۋ: سىلەر بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئال-
تايغا سايلام ئىشلىرىغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن
ئەۋەتكەن قانۇنىي ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى، تار-
باغاتاي ۋىلايىتى بېسىپ ئۆتىدىغان يولۇڭلار
بولغاچقا مەنزىلىڭلارغا سالامەت بېرىۋېلىشقا
رۇخسەت قىلدۇق. شىڭ شىسەينىڭ قانچە
يىللىق زەي تۈرمە ئازابىمۇ مېنىڭ ئىرادەمنى
تەۋرىتەلمىگەن، سەن بىر تۈركىستاننىڭ قو-
لىدىن نېمە ئىش كېلەتتى؟! سەن ئۈچ ۋىلا-
يەتتىكى ئۆزلىرىنىڭ ھۆرلۈك، ئازادلىقى ئۇ-
چۈن قان تۆكۈپ كۈرەش قىلغان ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈرەش ئىرادىسىدىن ھايا
قىلغىن، سېنىڭ سەپسەتىلىرىڭ بىزنىڭ جەڭ-
گىۋار خەلقىمىز ئىچىدە ئاقمايدۇ، بۇ تەرىپى-
نى ئېنىق بىلىپ قويغىن ـ دەپ يولغا سالى-
دۇ.

تۈركىستان چۆچەككە كېتىش ئالدىدا،
دۆربىلجىندىكى ئىشلارنى ئەسلى پىلان بويىچە
ئېلىپ بېرىشنى توختاش توختى ئوغلىغا تاپ-
شۇرغانىدى. توختاش توختى دۆربىلجىندىكى
ئىنقىلابىي ئىرادىسى بوش ئايتقازى قاتارلىق-
لارنى تەشكىللەپ، ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن
ئەكسىيەتچى مەزمۇندىكى يەتتە تاغار كىتاپ،
ژۇرنال، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى 14ـئۆكتە-
بىر كېچىدە دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى خەلق
باغچىسىغا، كوچا دوقمۇشلىرىغا، قورۇلارنىڭ
ئالدىغا تارقىتىدۇ. بۇ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى

ئەتىسى ھەر تەرەپتىن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ساقچى دائىرىلىرى بۇ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى ئاتالمىش ئالتايغا كېتىپ بارغان نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تارقاتانلىقىغا گۇمانى كۈچلۈك بولسىمۇ، خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىپ، نەق پاكىتنى قولغا چۈشۈرۈشكە كىرىشىدۇ.

15 ـ ئۆكتەبىر كەچتە خەلق كۇلۇبىنىڭ يازلىق كىنوخانىسىدا كىنو قويۇلىدۇ. كىنو كۆرۈشكە كەلگەن مىڭدىن ئارتۇق ئامما كىنوخانىغا كىرىشى بىلەنلا ئورۇندۇقلىرىنىڭ ئاستىدىن كۇندۇزى شەھەر كوچىلىرىدىن تېپىۋېلىپ ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ماتېرىيالىغا ئوخشاش تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تېپىۋالىدۇ. بۇ چاغدا غەزەپكە چىدىمىغان ئامما: شۇنچە يۇرەكى يوغان كىملەر! بىزنى نېمە چاغلاۋاتىدۇ، ساقچىلار بۇ ئىشنى ئېنىقلايمىز دېگەنىدى، ئەمدى نەدە ئۇلار . . . دەپ غۇلغۇلا قىلىشىدۇ. بۇ چاغدا ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ بىر قانچە ئوتيۈرەك ئەزاسى سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ: خالايىق تىنچلىنىڭلار! بۇ كىنوخانا كۇندۇزى تاقاقلىق تۇرىدۇ، تاملىرى شۇنچە ئېگىز، ئادەتتىكى ئادەملەر تامدىن ئارتىلىپ چۈشەلمەيدۇ. پەقەت پەنجىرىسى كىنوخانىغا قارىغان ئەشۇ ئۆيدىكى ئاتالمىش ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەڭ گۇمانلىق، دەيدۇ. شۇ ئەسنادا ئون نەچچە ياشلاردىكى بىر بالا ئورنىدىن تۇرۇپ: كۇندۇزى مەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ ماشىنىدىن تاغارغا قاچىلانغان كىتابقا ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى ياتاقلىرىغا توشۇغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، گەپ شۇ ماشىنىدا، دەپ توۋلايدۇ.

تۆنۈگۈندىن بۇيان غەزىپىنى باسالماي تۇرغان خەلق بىرلا ھۇررا دېيىش بىلەن ماشىنىنى قورشىۋالىدۇ. بىر قانچە ياش ماشىنىغا سەكرەپ چىقىپ، مەزمۇنى تۆنۈگۈندىن بۇيان دۆربىلجىننى پاراكەندە قىلغان تەشۋىقات ماتېرىيالىغا ئوخشاش كىتاب ـ ژۇرنال، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىدىن بەش ـ ئالتە تاغار تېپىپ چىقىپ، نەق مەيداندا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

جىنايەت گۇماندارى ياتاقلىرىغا كىرىۋېلىپ خەلق ئاممىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۇنىمايدۇ. خەلق ئاممىسى مەسىلىنى تەشكىل ئارقىلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىر بۆلۈمى جىنايەت گۇماندارلىرىنى قورشاپ تۇرىدۇ، بىر بۆلۈمى نامايىش قىلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا بارىدۇ. بۇ چاغداھاكىم نۇرساپا سېيىتجانوف جىددىي ۋەزىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن نامايىشچىلار قوشۇنى بىلەن بىللە خەلق كۇلۇبى تەرەپكە ماڭىدۇ.

دەل مۇشۇ چاغدا چۆچەكتە دەككىسىنى يەپ قايتقان تۇركىستان قاتارلىقلار ناھىيە بازىرىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلار دۆربىلجىن بازىرىدىكى دېڭىز شاۋقۇنىدەك ئۆركەشلىگەن خەلق توپىنى ـ ئېمىل دەرياسىنىڭ غەزەپلىك دولقۇنىنى كۆرىدۇ. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىگەن تۇركىستان سۇڭ نەنشىڭنىڭ: بىز ساقچى ئىدارىسىگە بارايلى، دېگەن مەسلىھىتىگە قۇلاق سالماي، يان قوراللىرىنى چىقىرىپ، خەلق ئاممىسىغا دوق قىلىپ، نامايىشچىلار قوشۇنىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل بارغىنىچە ماشىنىغا چىقىپ، بىرزىنت ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان ئىككى تاغار نەرسىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئالدىغا ئىنتىلگەن ئاممىغا قورال تەڭ-

www.uyghurkitap.com

لەپ، ئاسمانغا ئوق چىقىرىپ يىقىن كەلتۈر-
مەيدۇ. تاشلانغان ئىككى تاغاردىكى بۇيۇم
رەسمىي ئوت ئېلىپ كۆيگەندىن كېيىنلا ياتاققا
كىرىپ يېكىنىۋالىدۇ.

بۇ چاغدا غەزەپكە چىدىمىغان ئاما ناھىيە
ھاكىمى نۇرساپا سېيىتجانوف، ساقچى باشلى-
قى مىرخەمىت مىرغابىدىن ۋە 2- باتاليون
ئەسكەرلىرىنىڭ ئىككى سائەتكە قەدەر نەسى-
ھەت قىلىپ توسۇشىغا قارىماستىن ئۆيگە باس-
تۇرۇپ كىرىپ، تۇركىستان، كې يۇنچۇەن
(كامالبېك ئۇۋاشوف)، شوپۇر سۇڭ نەنشىڭ-
نى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. داۋباي مازاكوف،
توختاش توختى قاتارلىقلارنى ئېغىر - يېنىك
دەرىجىدە يارىلاندۇرىدۇ (نۇسرەت شەمسى تۇر-
كىستان بىلەن چۆچەككە بارماي، دۆربىلجىن-
دىكى بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن بولۇپ،
ۋەقە ئاياغلىششقا ئازقالغاندا كەلگەچكە يېنىك
يارىلانغان). خەلق ئاممىسىنىڭ ھەرىكىتىنى
نەسىھەت قىلىپ توسىغان ھاكىم ۋە ساقچى
باشلىقىمۇ قاتتىق زەخىملىنىدۇ.

ۋەقە تۇغۇلغان شۇ كۈنى ۋالىي مەھكىمى-
سىنىڭ 14 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىغا بىنائەن،
كېچە سائەت 12 دە يولغا چىققان ۋالىي مەھكى-
مىسىنىڭ باش كاتىپى ئابلىمىت ھاجىيوف،
ۋىلايەتلىك ئىچكى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باش-
لىقى، مايور ئابلىز راخمانوف، تەپتىش مەھ-
كىمىسىنىڭ كادىرى دۇيسەنبى سېنباي، تۇر-
سۇن مۇستافىن، ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخا-
نىسىنىڭ باش دوختۇرى ئابلەھەت ئابدۇرېشى-
توف قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان تەكشۈ-
رۈش ئۆمىكى سائەت 2 دە دۆربىلجىنگە يېتىپ
كېلىدۇ. شۇ قاتاردا سالىسلامۇ يېتىپ كېلى-
دۇ.

تەكشۈرۈش ئۆمىكى يېتىپ كەلگىچە نا-
ھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى، ناھىيىلىك ھۆ-
كۈمەت كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قالاي-
مىقانچىلىقنى تىنچىتىپ، ۋەقەنىڭ تۇغۇلۇ-
شىغا سەۋەبچى بولغان گۇماندار ئىبراھىمجان،
قۇتلۇق، مۇقاش، جاقان، ئابدۇلئەخەت، يا-
قۇپ، غىنايەت قاتارلىقلارنى تۇتۇپ تۇرغانى-
دى.

تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر ناھىيىلىك
دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان نۇسرەت شەمسى
قاتارلىقلارنى كۆرۈپ تالاغا چىققاندا، دوختۇر-
خانا ھويلىسىدا 600 دىن ئارتۇق ئاما توپلى-
نىپ نامايىش قىلماقتا ئىدى. «خەلق دۈشمى-
نى سالىس، نۇسرەتلەرنى بىزگە بېرىڭلار،
ھۇررا! يوقالسۇن خەلق دۈشمەنلىرى! دۈش-
مەن جاسۇسلىرىغا ئۆلۈم!» دېگەن شۇئارلار
تەرەپ - تەرەپتىن ياڭرايدۇ (سالىس، نۇس-
رەتلەر ئەشەددىي گومىنداڭچىلار بولۇپ،
1943 ـ، 1944 - يىللىرى ئۇرۇمچى، ئىلى،
ئالتايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغال-
غان يوشۇرۇن كۈرەش تەشكىلاتىغا قاتناشتى،
دېگەننى باھانە قىلىپ، ھەرمىللەت ئىلغار
ياشلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرى-
پىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولغان. بۇ
يەردە سالىس، نۇسرەتلەر ۋەقە تۇغۇلۇشىغا بى-
ۋاستە سەۋەبچى بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىن-
قىلابقا قارشى مەيدانى بىلەن ئىلگىرىكى جىنا-
يىتى كۆزدە تۇتۇلغان). تەكشۈرۈش ئۆمىكى-
دىكىلەر دوختۇرخانىدىن چىقىپ، خەلق كۆ-
لۈبى مەيدانىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى تەك-
شۈرۈشكە ماڭغاندا، توپلانغان ئاما مىڭدىن
ئاشىدۇ. ئۇلار ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ ئارقىسى-
دىن ماڭغاچ: «خەلق دۈشمەنلىرى سالىس ۋە
باشقىلارنى بىزگە بېرىڭلار! بولمىسا سوت قى-
لىپ ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنى پاش قى-

www.uyghurkitap.com

لىڭلار! ھۇررا! ھۇررا! ئۆز قېرىنداشلىرىمىزدىن 400 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ بىر كۈندە ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان نۇسرەتنى بىزگە بېرىڭلار! نېمە ئۈچۈن سىلەر خەلق دۈشمەنلىرىنى ھىمايە قىلىسىلەر» دەپ تەرەپ - تەرەپتىن شۇئار توۋلايدۇ.

تەكشۈرۈش ئۆمىكى دۆربىلجىن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى نۇرساپا سىپىتجانوف، ساقچى باشلىقى مىرخەمىت مىرغابىدىن، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باش دوختۇرى خارشىنكو قاتارلىقلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلارنى تەكشۈرۈپ، ئايرىم - ئايرىم ئاكت تۇرغۇزىدۇ.

ئۇلار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا يېتىپ بارغاندا، مىڭدىن ئارتۇق ئاما قورۇغا توپلىشىپ ئۇلاردىن جاۋاب كۈتمەكتە ئىدى. ئۆمەكتىكىلەر قانچە قېتىملاپ چۈشەندۈرۈپ، تارقىلىپ كېتىشكە نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، بىرمۇ ئادەم تارقىلىپ كېتىشكە ئۇنىماي شۇ جايدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ. 16 - ئۆكتەبىر سەھەردە تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر توپى نامايىشچىلار سېپىگە قوشۇلىدۇ. سائەت 9 لاردا 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىدىن تەركىپ تاپقان نامايىشچىلار «خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ ئاتامانى سالىس باشلىق جىنايەتچىلەرنى خەلق قولىغا تاپشۇرۇپ بەرسۇن!»، «خەلق دۈشمەنلىرى ۋە دۈشمەن جاسۇسلىرىغا ئۆلۈم!»، «كۆپچىلىكنىڭ ئىشى ئۈچۈن بىر قانچە كىشىنىڭ جاۋاپكارلىقىنى تارتىلىشىغا بىز رازى ئەمەس!»، بىزلەرنى ھەم شۇلار بىلەن قاماپ قويۇڭلار!»، «بۇ ئىشقا بارلىق خەلق جاۋاپ قىلىدۇ!» دېگەن شۇئارلار يېزىلغان لوزۇنكىلارنى كۆتۈرگەن ھالدا نامايىشچى ئاما توپىغا قوشۇلىدۇ.

شۇ كۈنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچى - تېشى ناھايىتى جىددىي تۇس ئالغانىدى. ئۆمەكتىكىلەر ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ئېنىقلاش، خۇلاسە چىقىرىپ ئاكتى تۈزۈش، ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئايرىم - ئايرىم ئاكت تۈزۈش بىلەن جىددىي ئىشلەشتىن سىرت، خەلق ئاممىسىنىڭ تاقەت قىلىشىنى، خۇلاسىنى كۈتۈشىنى تەلەپ قىلىغاچ ئۇلارغا نەسىھەت قىلاتتى. ئاما ۋە ئوقۇغۇچىلار ھۆكۈمەت قورۇسىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەي نەتىجىنى كۈتۈش بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي تەلىپىنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ شۇئار توۋلايتتى. شۇ تەرىقىدە كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ۋەقەنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىن «تەكشۈرۈش ئاكتى» تۈزۈپ چىقىلىپ، خەلق ئاممىسىغا جاكارلاندى.

«ئاكتي» نىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

**تەكشۈرۈش ئاكتى**

1946 - يىل 16 - ئۆكتەبىر.

بىزلەر تۆۋەندىكى قول قويۇپ ئاكت تۈزگۈچى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن كومىسسىيەلەر: ئابلىز راخمانوف؛ ئابلىمىت ھاجىيوف؛ ئابدۇلئەخەت ئابدۇرېشىتوف. ۋىلايەتلىك ئەدلىيە ئىدارىسىدىن دۈيسەنبى سېنباي ئوغلى، تۇرسۇن مۇستافىن ۋە دۆربىلجىن ھاكىمى نۇرساپا سىپىتجانوف، ساقچى ئىدارىسى باشلىقى مىرخەمىت مىرغابىدىن.

شۇ توغرىدا بۇ ئاكتىنى تۈزىمىزكى:

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئالتاي ۋىلايىتىگە سايلام ئۈچۈن كېتىپ بارغان تۈركىستان نوغايبايېف، كامالبېك ئۆۋاشوف ۋە سۇك نەنشىگلارنىڭ 15 - ئۆكتەبىر كۈنى كەچ سائەت 9 دا دۆربىلجىن خەلق كۈلۈبى ئالدىدا خەلق تەرىپىدىن توساتتىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ھەممە نۇسرەت شەمسى

ئوغلى، داۋباي مازاكوف، توختاش توختى ئوغلىنىڭ يارىلانغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمىزدە، مەزكۇر ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەر ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ سىرتىدا خەلقنى غەزەپلەندۈرىدىغان تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك ئىشلارنى قىلغانلىقى مەلۇم بولدى (بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ دۆربىلجىنگە كەلگىچە تارقاتقان پىتنە ـ ئىغۋالىرى، دۆربىلجىندە قىلغان تەشۋىقاتلىرى ۋە قىلغان ـ ئەتكەنلىرى، تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ قوللانغان تەدبىرلىرى بەش تۈرگە بۆلۈنۈپ سۆزلەنگەن. مەزمۇنىنىڭ تەكرار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قىسقارتىلدى).

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ راستلىقى ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئاكتى تۈزۈپ قول قويدۇق.

كومىسسىيىلەر:

1. ئابلىز راخمانوف؛ 2. ئابلىمىت ھاجىيوف؛ 3. دوختۇر ئابدۇلئەخەت ئابدۇرېشىتوف؛ 4. ۋىلايەتلىك ئەدلىيە ئىدارىسىدىن دۈيسەنبى سىنباي؛ 5. تۇرسۇن مۇستافىن؛ 6. دۆربىلجىن ھاكىمى نۇرساپا سىپىتجانوف؛ 7. دۆربىلجىن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى باشلىقى مىرخەمىت مىرغابىدىن؛ 8. دۆربىلجىن ناھىيىلىك بانكا مۇدىرى ئابدۇرېھىم كەنجاخۇنوف؛ 9. دۆربىلجىن ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى خارچىنكو.

يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ راستلىقى ئۈچۈن تۈركىستان سەپەرداشلىرىدىن ئالتايغا كېتىۋاتقانلار:

1. توختاش توختى ئوغلى؛ 2. مامىربېك ئەكىم ئوغلى؛ 3. ئۇرىمقان ئىماش ئوغلى؛ 4. بايجۇما دەنجىت ئوغلى؛ 5. قامار ئاقباي قىزى؛ 6. كۈلەيزە مەسەلىم قىزى؛ 7. گۈلجەمىلە قۇسەيىن قىزى؛ 8. ئامىنە شەمسى قىزى؛ 9. خەتىپە ئابابەكرى قىزى؛ 10. خەنىپە ئەمەت قىزى؛ 11. چيەن سەنسەن؛ 12. ماخۇيدى؛ 13. شۇخېڭشى.

يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ئېنىقلىقىنى تەستىقلاپ ئىمزا قويغۇچى: بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزاسى سالىس؛ ۋەكىللىرى: مۇھەممەتجان ئەپەندىم، ئېردە.

كومىسسىيە ۋەكىللىرى ئاكتنى خەلق ئاممىسىغا ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئاممىنىڭ تارقىلىپ دەم ئېلىشىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ 3 ـ 5كىچە ۋەكىل سايلاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئۆزلىرى سايلاپ چىققان ھاكىم ۋە ھۆكۈمەت ئەزالىرىغا ئىشەنگەن خەلق ئاممىسى ئۆز ۋەكىللىرىنى سايلاپ بېرىپ قايتىشتى. بۇ ۋاقىتتا كېچە سائەت 12 بولغانىدى. خەلق ۋەكىللىرى بىلەن ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى باش قوشۇپ، ۋاقىتنىڭ كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، سۆھبەتنى ئەتىسى داۋاملاشتۇرۇشقا كېلىشىپ تارقىدى.

ئەتىسى، يەنى 17 ـ ئۆكتەبىر كومىسسىيە ۋەكىللىرى بىلەن خەلق ۋەكىللىرى ۋەقەنىڭ قالدۇق ئىشلىرىنى، تۇتۇقتىكى ئادەملەرنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش ئۈستىدە تولۇق بىر كۈن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. كومىسسىيە ۋەكىللىرى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تەلەپلىرىنى ئېلىپ، ۋىلايەتكە يەتكۈزۈپ بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن كەچ سائەت 9 دا چۆچەككە يۈرۈپ كەتتى.

18 ـ ئۆكتەبىر كۈنى كومىسسىيە ۋەكىللىرى دۆربىلجىن خەلق ۋەكىللىرى بىلەن بولغان سۆھبەت ئەھۋالىنى ۋالىي مەھكىمىسىگە ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزاسى، تارباغاتاي سايلام ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى سالىس، ۋەكىل مۇھەممەتجان ئەپەندىلەرگە دوكلات قىلدى. سالىس دوكلاتقا تۆۋەندىكىدەك تەستىق سالدى:

«مەزكۇر قامالغان كىشىلەرنى دۆربىلجىنگە بارغان مۇھەممەتجان ئەپەندىم، غالىم-

جان ئەپەندىلەر دۆرۋىلجىن خەلق ئەھۋالىغا
قاراپ بوشىتىش چارىسى كۆرسۈن.
هۆكۈمەت ئەزاسى: سالىس
ۋەكىل: مۇھەممەتجان ئەپەندى»
يۇقىرىدىكى تەستىق بويىچە، مۇئاۋىن ۋا-
لىي ئالىمجان هاكىمبايوف، بىرلەشمە هۆكۈ-
مەت ۋەكىلى مۇھەممەتجانلار دۆرۋىلجىنگە بې-
رىپ ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلدى، يارىلانغانلارنى
داۋلاپ ساقايتىپ، ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى.
خەلقنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بويىچە، تۇتۇپ تۇ-
رۇلغانلار تولۇق قويۇپ بېرىلدى. بۇ كۈنى
دۆرۋىلجىن خەلقى خۇددى جەڭ غەلىبىسىنى
تەنتەنە قىلغاندەك، ئۆزلىرى ئۈچۈن تۇتۇقتا
تۇرغان قېرىنداشلىرىنى داغدۇغىلىق تەبرىك-
لەشتى.
بۇ ۋەقە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئاغدۇرمىچىلىق قى-
لىش ئۈچۈن بىر قوللۇق پىلانلاپ ئېلىپ بار-
غان ھەرىكىتى ئىدى ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۇ-
رۇشكە ئورۇنغان گومىنداڭ تەرەپ بۇنىڭدىن
پايدىلىنىپ بىتىمنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە بەزى
توسالغۇلارنى پەيدا قىلدى. بۇ ئىشتا تارباغاتاي
ۋالىي مەھكىمىسى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە گې-
نېرال مايۇر ئىسھاقبېكنىڭ تەنقىد قىلىشىغا
ئۇچرىغان بولسىمۇ، دۆرۋىلجىندىكى ھەرمىل-
لەت خەلقى ئىنقىلاب مېۋىسىنى ، ئىسسىق
قان،تەرى بەدىلىگە كەلگەن هۆرلۈك، ئازادلىق
ھاياتىنى قوغداش يولىدا ھەققانىيەت ئۈچۈن
جانپىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكى-
تىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.
تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى توغرۇل

www.uyghurkitap.com

# «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۈمىكى ئاسىيا ئىچكىرىسىدە» ناملىق كىتابتىكى ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتىگە دائىر مەلۇماتلار


## ھۈسەيىن كېرىم

(شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدىن)


ئۇيغۇر فولكلورى ۋە ئۇيغۇر مۇزىكا مە-
دەنىيىتى ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى
تارتقان مۇھىم ساھەلەرنىڭ بىرى. 19 - ئە-
سىرنىڭ 2 - يېرىمىدىن باشلاپ، ياۋروپادىكى
بىرقانچە دۆلەتلىك ئاكادېمىيە ۋە مۇزېيلاردىن
ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ۋە سەيياھلار شىنجاڭغا
كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ چارلاش
ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ
بارغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئا-
لىملار ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرى-
ياللىرىدىن سىرت يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ فولكلور
ۋە مۇزىكا مەدەنىيىتىگە دائىر ماتېرىياللىرىنىمۇ
توپلاپ، ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتقاندىن كېيىن،
مەخسۇس ئىلمىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇر-
غان. ئۇلارنىڭ ئەسىغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى-
نىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر
مەدەنىي ھاياتىنى چۈشىنىش ۋە ياۋروپالىقلار-
نىڭ نەزەرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئورنى-
نى چۈشىنىشتە يەنىلا قىممەتلىك ماتېرىيال
ھېسابلىنىدۇ.

19 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن 90-
يىللىرىغا قەدەر بولغان 40 يىل جەريانىدا
چارروسىيە ئالىملىرىدىن چوقان ۋەلىخانوف
(1835 — 1865)، رادلوف (1837 —
1918)، پېتروۋسكى (1837 — 1908)،
پانتۇسوف (1849- 1909)، كاتانوف (1862
- 1922) ۋە فرانسۇز ئالىمى دۇترۇئىل (؟
- 1890)، شۋېتسىيىلىك ئالىم سۋېن ھې-
دىن (1865 - 1952) قاتارلىق ئالىملار ئۇي-
غۇرلار ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە ئىلمىي تەكشۈ-
رۈش بىلەن شۇغۇللاندى. ئەتراپلىق بىلىم قۇ-
رۇلمىسىغا ئىگە بۇ ئالىملارنىڭ ئۇيغۇرشۇناس-
لىق ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشىگە قوشقان تۆھ-
پىسى ناھايىتى زور.

چارروسىيە دەۋرىدىكى بەزى رۇس شەرق-
شۇناسلىرى ئۇيغۇر فولكلور بايلىقى ۋە مۇزىكا
مەدەنىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندىن كې-
يىن، ياۋروپا ئىلىم ساھەسى شۇندىلا ئۇيغۇر
مەدەنىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىگە
ئېرىشتى. روسىيىدە شەكىللەنگەن ئۇيغۇرشۇ-
ناسلىق ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات مېۋىلىرىنىڭ تەسى-
رى نەتىجىسىدە فرانسۇز ئالىمى دۇترۇئىل
19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى شىنجاڭغا كېلىپ
ئۇيغۇر فولكلورى ۋە مۇزىكىسى ھەققىدە ئىل-
مىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

دۇترۇئىل 1890 - يىلى فرانسىيە مائا-
رىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەن مەخسۇس بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، پارىژدىن يولغا چىقىپ تاشكەنت، ئوش ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن. قەشقەردىن يەنە خوتەن، نىيە، كېرىيە ۋە چەرچەنگىچە بارغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار تاغ ئاتلاپ شىزاڭغا كىرگەن. بىراق ئويلىمىغان يەردىن دۇترويىل تاڭبۇدا دېگەن يەردە باشقىلار تەرىپىدىن پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلگەن. دۇترويىل ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە گرېنارد يېتەكچىلىك قىلىپ چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھىرىگە بارغان. دۇترويىل خوتەن رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىللەردە مىلادىيە 6-، 7 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قارۇشتىچە ۋەسىقىلەر ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغقان. ئۇلار يەنە ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش ئارقىلىق خوتەننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن①.

دۇترويىل ئەنە شۇ خوتەندىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش مەزگىلىدە «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئىچكىرىلىكىدە» ناملىق كىتابىنى يازغان. گرېنارد فرانسىيىگە قايتقاندىن كېيىن دۇترويىلنىڭ بۇ كىتابىنى 1895 - يىللىرى ئارىلىقىدا تولۇقلاپ نەشرگە تەييارلىغان. 1898 - يىلى كىتاب پىغان. كىتابتىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، دۇترويىل خوتەندە تۆت ئاي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئەنە شۇ قىسقىغىنە جەرياندا ئالىم كىتابىغا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە دائىر خېلى كۆپ ماتېرىياللارنى كىرگۈزۈشكە ئۈلگۈرگەن. كىتاب فرانسۇز تىلىدا بولغاچقا، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك لۇغەتلەرنىڭ ياردىمىدە كىتاب مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولدۇم ھەمدە كىتاب مەزمۇنىنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈش مەقسىتىدە بۇ ئاددىي ماقالىنى تەييارلىدىم.

دۇترويىلنىڭ «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئىچكىرىلىكىدە» ناملىق كىتابى تۆۋەندىكى بىرقانچە ماۋزۇ بويىچە بايان قىلىنغان.

1. چىنى تۈركىستان ئاھالىلىرى 2. ئابدۇراخمان خوجا داستانى . 3. بەك قۇلىبەك داستانى 4. مەخمۇتخان داستانى 5. خەلق چۆچەكلىرى 6. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار. . . يۇقىرىقى ئۈچ داستان ۋە دۇترويىل خەلق ئارىسىدىن يىغقان ئالتە چۆچەكنىڭ تېكىستى چاغاتاي تىلى - يېزىقىدا بېرىلگەندىن سىرت، ئاستىغا فرانسۇزچە تەرجىمىسى بېرىلگەن. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە چۆچەكلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

يەرلىك ئاھالىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بابتا ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ئائىت مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ 19 - ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدىكى ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ئائىت قىممەتلىك مەلۇمات ھېسابلىنىدۇ. دۇترويىل يالغۇز ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپلا قالماستىن يەنە ئۇنى سەمەرقەنت، قوقان رايونىدىكى ئۆزبەك مۇزىكىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغان ئاساستا، مۇستەقىل تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئاپتور ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆزبەك مۇزىكىلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

ئاپتور يەنە مۇشۇ بابتا«سارغايدى ئويۇنى» ئويناۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سىزما رەسىمە-

نى بېرىش بىلەن بىللە يەنە 19 - ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدا ئاساسلىقى خوتەن رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان توققۇز خىل چالغۇ ئەسۋاب — راۋاب، ھەشتار، ساتار، تەمبۇر، سۇرناي، دۇتار، ساپايى، نەغمە دېپى، قالۇنلارنىڭ سىزما رەسىمىنى بەرگەن. بۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تەرەققىيات تارىخى، ئىجراچىلىقى، تارقىلىشى، مىللىي چالغۇ ئەسۋابلار ھەمدە فولكلورغا مەنسۇپ بولغان خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ساھەگە قىزىققۇچى تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مەزكۇر كىتابتا خاتىرىلەنگەن مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ئائىت بەزى بايانلارنى سۇنىمەن:

«خەلق ناخشىسى دەپ ئاتىلىدىغان بەزى ناخشىلارنى كۆپىنچە كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ، ئەمما بۇ ھەر ئىككى رايون (شىنجاڭ ۋە غەربىي تۈركىستان) دا ئومۇملاشقان. مەن ئىگىلىگەن بەزى ناخشىلارنى چىنى تۈركىستانىنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە يەنى خوتەندىن تارتىپ تۇرپان - ئىلىغىچە بولغان ھەممە يەردە ئاڭلىغىلى بولىدۇ...

بۇ ‹تارانچى ناخشىلىرى› توپلىمىدىكى بىر قاتار ناخشىلارنى نېمە ئۈچۈن قايتا ئىزدەپ تاپقانلىقىمنىڭ سەۋەبىدۇر. بۇ ناخشىلار توپلىمى 1890 - يىلى پېتربورگتا نەشر قىلىنغا ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ناخشىلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. يېڭى غەزەل - ناخشىلار ئاقسۇ ياكى ئىلىدىن تارقىلىپ بارغان. ئەمەلىيەتتە كىشىلەر تارانچىلارنى شۇ ناخشىلارنىڭ ئىجادچىسى دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ سازەندىلىرىنىڭ داڭقى قەشقەر سازەندىلىرىنىڭ داڭقىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ... بەزى كەسپىي سازەندىلەر ئۈچ ياكى تۆتتىن بىر گۇرۇپپا بولۇپ، تەكلىپ قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ناخشا ئېيتىدۇ ياكى مازار سەيلىسىدە كۆپچىلىك ئالدىدا ناخشا ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى پەقەت ناخشىغا تەڭكەش قىلىش ئۈچۈنلا ياسالغان. قەشقەر، يەكەن، خوتەننىڭ سازەندىلىرى مۇزىكا تالانتى بىلەن داڭلىق. ئۇندىن باشقا ئۇلارنىڭ ناخشىسىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتى يۇقىرى ياكى كۈچلۈك. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ سەنئىتى سەمەرقەنت ياكى قوقاندىكى سارتلار سەنئىتىدىن يۇقىرى. ئېنىقنى ئېيتقاندا، سەمەرقەنت، قوقانلىقلارنىڭ ناخشىلىرى بەئەينى قۇترىغان مۈشۈكنىڭ مىياڭلىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ناخشىلارنىڭ مېلودىيىسى ناھايىتى ئاددى بولۇپ، ئۇسسۇل ئۈچۈنلا ئىجات قىلىنغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى بىر خىل غەلىتە شەكىللەر ئارقىلىق كىشىگە قەدىمكى فرانسىيىنىڭ خەلق ناخشىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى بىرلا ئاھاڭدا بولۇپ زېرىكىشلىك. كۆپ قىسمى شوخ، جانلىق بولۇپ، قايغۇ - ھەسرەت ۋە خىيالىي تۇيغۇ ھېسسىياتنى تولۇق ئىپادىلەيدىغان ناخشىلار قاتارىغا كىرىدۇ»②. يۇقىرىقى بايانلاردىن دۇترۇئىلنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى پانتۇسوف يازغان «تارانچى ناخشىلىرى» دېگەن كىتابتىكى ناخشىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دۇترۇئىلنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ھەققىدىكى يۇقىرىقى قىممەتلىك بايانلىرى قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوفنىڭ 1858 - يىل-

لىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان ساياھىتىدە يازغان «مۇزىكا جەھەتتە كىچىك بۇخارالىقلار (قەشقەرنى ئاساس قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار — ئا) پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر» ③ دېگەن يۇقىرى باھاسىنىڭ يەنە بىر قېتىم پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىقىلار دۇترۇئىلىنىڭ «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئىچكىرىلىكىدە» ناملىق كىتابى ھەققىدە بېرىلگەن يۈزەكى ئۇچۇردىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرنى تولۇق تەتقىق قىلىش تېخى بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھىم بىر ئىلمىي خىزمەتتىن ئىبارەت.


1. سارغايدى ئويۇنى


2. راۋاپ


3. ساتار


4. دۇتار


5. قالۇن


6. نەغمە دېپى


7. تەنبۇر


8. ساپايى


9. سۇرناي


10. راۋابى ھەشتار

ئىزاھلار:

①ۋېي چاڭخۇڭ، خې خەنمىن تۈزگەن: «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتقا قىلغان ساياھەت خاتىرىلىرى» 1994 ـ يىلى خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 333 ـ بەت.

②ي . ل . دۇترۇئىل، دې . رىنىس: «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئىچكىرىلىكىدە» 1898 ـ يىلى پارىژ فرانسۇزچە نەشرى.

③چوقان ۋەلىخانوف: «چوقان ۋەلىخانوف تاللانما ئەسەرلىرى» 1958 ـ يىلى ئالمۇتا رۇسچە نەشرى، 498ـ، 499 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# يىپەك يولى ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى سودا - بازارلىرى

داۋۇت ساۋۇت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد - باشقۇرۇش ئىنىستىتۇتىدىن)

قەدىمكى شىنجاڭدا مۇكەممەل سودا يولى-
نىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى
ھەرقانداق شەيئىگە ئوخشاش سودا بازارلىرىد-
كى سودىمۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي
ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگى-
شىپ پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان. يىپەك يو-
لى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى سودا ئىشلى-
رى ھەرقايسى رايونلارنى ئاساس قىلىپ شۇ
رايونلار ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغانىدى. يەنى
دەسلىپىدە شۇ رايون ئىچىدە قولدىن - قولغا
ئۆتكۈزۈپ سېتىلغان. كۆچمەن چارۋىچىلار
تۈرلۈك ماللارنىڭ سىرتقا چىقىرىلىپ سېتى-
لىشىدا مۇھىم ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان-
ىدى.

لېكىن كۆچمەن چارۋىچىلىق پەسىل خا-
راكتېرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، سو-
دا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي
كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايتتى. نەتىجىدە سودا
- سېتىق پائالىيەتلىرى بوستانلىق ۋادىلاردىكى
مەھەللە، كەنتلەرگە تەدرىجىي كېڭىيىشكە باش-
لىغان. بۇ جايلار سودا - سېتىق پائالىيەتلىرىد-
نى مۇقىم ماكان (بازار) بىلەنلا تەمىنلەپ
قالماستىن، بەلكى يەنە سودىگەرلەرنىڭ بازار
سودىسىنى خىلمۇ خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك
مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا رەڭگارەڭ ئېسىل مال-
لار بىلەن تەمىنلەپ، بازار سودىسىنى تېخىمۇ
جانلاندۇرغان. كېيىنچە بۇ جايلاردا ھەرقايسى
ئەل سودىگەرلىرىنى ئېسىل ماللار بىلەن تە-
مىنلەيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ماللىرىنى سې-
تىشىغا قولايلىق يارىتىدىغان مەيدان يەنى با-
زار بارلىققا كەلگەن.

ياپونىيە تارىخچىسى چيەنداۋشىنىسى
«بوستانلىق ۋادا بولمايدىكەن يىپەك يولىمۇ
بولمىغان بولاتتى» دەپ يازىدۇ. گىرېك تا-
رىخچىسى ھېرودوتنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقان-
دا، «يىپەك يولىنى ئاخىرقى ھېسابتا بوستان-
لىق ۋادىلارنىڭ ئىلتىپاتى دېيىشكە بولىدۇ»
. بۇ بوستانلىق ۋادىلارنىڭ دېھقانچىلىق ۋە
چارۋىچىلىق ئىگىلىكى خېلى تەرەققىي قىلغان
بولسىمۇ، ھالبۇكى بوستانلىق ۋادىلار ئەسلى-
دىنلا تەبىئىي شەرت - شارائىتنىڭ چەكلىمى-
سىگە ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، تېرىلغۇ يەرلەر-
نىڭ كۆلىمى تەدرىجىي تارىيىشقا باشلىغان.
شۇڭلاشقا كىشىلەر قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى را-
ۋاجلاندۇرۇپ سودا بىلەن شۇغۇللانغان. «بۇ-
نىڭغا ئەگىشىپ بوستانلىق ۋادىلار ئاۋاتلىشىپ
بارىدۇ ۋە تەدرىجىي ھالدا مەھەللە - كەنتلەر-
نىڭ قىياپىتى ئۆزگىرىپ ئۆتەڭ ۋە بازارلار
بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ئۆتەڭ، بازارلار يىپەك
يولىدىكى ساياھەتچىلەر ۋە سودا كارۋانلىرى
ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلاتتى. ھەتتا سودا كار-
ۋانلىرىنى ئۇزۇن مۇساپىلىق ترانسپورت ئۇس-

www.uyghurkitap.com

كۈنلىرى بىلەن تەمىنلەيتتى» ئاھالىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغىمۇ ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرەتتى.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «يىپەك يولى» شەرقتە خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن باشلىنىپ، غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ خېشى كارىدورى ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا تۇتىشىدۇ. دۇنخۇاڭدىن يەنە غەربكە سوزۇلۇپ، جەنۇبىي يول ۋە شىمالىي يول دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. جەنۇبىي يول دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن باشلىنىپ كىروران، مىرەن، نوپچان، پىشامشان، نىيە، چەرچەن، ئۇدۇن، ئۇزۇن تات، ساكارائول، پاسان، پامىر، سارىقول، توخرى، ئارساك، ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا داكچىن (رىم ئىمپېرىيىسى) گە تۇتىشىدۇ. شىمالىي يول دۇنخۇاڭدىن باشلىنىپ يۈمېنگۇەن قوۋۇقىدىن ئۆتۈپ ئالدى قوسقا يەكەندىن كېيىن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ غەربكە سوزۇلۇپ ئۇشاق، كىنگىت، ئورياپ، بۇگۇر، قوم، كۇسەن، سۇلى، غەربىي پامىر ئارقىلىق پەرغانە ۋە كانگىيگە بېرىپ ئۇ يەردىن ئائۇرسى (هازىرقى ئارال دېڭىزىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان جايلار) غا تۇتىشىدۇ.

شىمالىي يول ئادەتتە «يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى» ياكى «يايلاقتىكى يىپەك يولى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ يول قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك كۆچۈشىدىن ھاسىل بولغان. تارىخ ئىسپاتلىدىكى «يايلاقتىكى يىپەك يولى» بويلىرىدا قەدىمكى زامانلاردىكى ياۋروپا، ئاسىيا كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭ سىپتا تاش قورال مەدەنىيىتى ساقلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا «يايلاقتىكى يىپەك يولى» نى بويلاپ سېلىنغان شەھەر - بازارلار ۋە مەھەللە - كەنت ئىزلىرىمۇ بايقالغان.

«يىپەك يولى» سودىسىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى خانلىقلار بۇ يولنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يوللاردا ئۆتەڭ - سارايلارنى ۋە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنى قۇرغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەردە قەدىمكى نىيە شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر تەكشۈرۈش ئېغىزى خاتىرىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىن ئۆتكەن شۈەن زاڭنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردە «يىپەك يولى» نى بويلاپ نۇرغۇن ئۆتەڭ - راباتلار ياسىلىپ، يولۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنغان. «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسىگە شەرھ» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قىرپانە بەگلىكى. پايتەختتىن شەرقىي شىمال بويلاپ مېڭىپ، نۇرغۇن تاغ ۋە خەتەرلىك قىيا - جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، 200 چاقىرىم مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن، بىز بىر قەدىمىي ساخاۋەتخانا بار يەرگە كەلدۇق. بۇ ساخاۋەتخانا پامىرنىڭ شەرقىدىكى تۆت تاغ ئارىسىدا بولۇپ، دائىرىسى 100 گېكتارچە كېلىدىكەن. بۇ يەر يىل بويى قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، دائىم بوران چىقىپ تۇرىدىكەن. تۆپرىقى شورلۇق بولغاچقا، زىرائەت ئۈنمەيدىكەن، دەل - دەرەخ ئۆسمەيدىكەن. شالاڭ ئۆسكەن ئوت - چۆپتىن باشقا ھېچنىمنى ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن. تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىمۇ جۇت - شىۋىرغان چىقىپ تۇرىدىكەن. سەپەرچىلەر مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆزلىرىنى گويا بۇلۇت ئۈستىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىدىكەن. سودا كارۋانلىرى بۇ خەتەرلىك جايدا دائىم زىيان - زەخمەتكە ئۇچرايدىكەن. قەدىمكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە،

ئىلگىرى 10 مىڭ سودىگەر نەچچە مىڭ تۆگە
ۋە ئىشلەمچىلىرى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەندە
قار - شىۋىرغاندا قېلىپ، پۈتۈنلەي تۈگىشىپ
كەتكەنىكەن. قىرپانە بەگلىكى دۆلەت راھىبە-
دىن بىرنى ئەۋەتىپ، ئۆلگەن كارۋانلارنىڭ
ئالتۇن - كۈمۈش ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى يې-
غىپ، ئاشۇ يەردە بىر ساخاۋەتخانا سالدۇر-
غان. ساخاۋەتخانىدا يولۇچىلارغا كېرەكلىك
يېمەك - ئىچمەك ۋە دورا - دەرمەك قاتارلىق
لازىمەتلىك بۇيۇملار ھازىرلانغانىكەن. قوشنا
دۆلەتلەردىن يەر سېتىۋېلىپ، ئۆتەڭ - راباتلا-
رنى بەرپا قىلىپ سودا يولىنى راۋانلاشتۇرغا-
نىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن سودا كارۋانلىرى
مۇشكىلاتقا ئۇچرىغاندا خالىسانە ياردەم ۋە قۇت-
قۇزۇشقا ئېرىشكەن» . يىپەك يولىدىكى سودا
- سېتىق ئىشلىرى دەسلەپتە ھۆكۈمەت سودى-
سى شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان، ھۆكۈمەت سو-
دىسىدىن تاشقىرى خەلق ئارىسىدىكى سودا مۇ-
ئامىلىمۇ ئىنتايىن قويۇق ئىدى. سودىگەرلەر
يىپەك يولى سودىسىدىن كېلىدىغان غايەت زور
پايدىنى كۆزلەپ، يولىنىڭ يىراق، جاپالىق ۋە
خەتەرلىك بولىشىدىن قورقماي، ئۇزاق مۇسا-
پىلەرنى بېسىپ، قاتار - قاتار تۆگە كارۋانلى-
رىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى
ئوتتۇرىسىدىكى بۇ چوڭ يولدا ئۈزۈلمەي قات-
ناپ تۇراتتى. تۈركۈم - تۈركۈم سودىگەرلەر
«ئۆتەڭلەردىكى دەڭلەرگە توشۇپ كېتەتتى.
يىل بويى ئايىغى ئۈزۈلمىگەن سودىگەرلەر ۋە
ئېلىپ - ساتارلار ھەر كۈنى سودا - تىجارەت
بىلەن مەشغۇل بولاتتى» . يىپەك يولى ئارقى-
لىق يىراق - يىراقلارغا توشۇلۇپ سېتىلىدى-
غان ماللار ئىچىدە جۇڭگونىڭ يىپەك رەختى
ئەڭ مەشھۇر ئىدى.

زور مىقداردىكى يىپەك ماللار غەربىي
يۇرتقا ھەتتا ئارساك، ھىندىستان، گىرېتسىيە
ۋە رىمغا توشۇلاتتى. يىپەك رەخت سودىسى
ئەينى دەۋردە دۇنياۋى سودىغا ئايلانغانىدى.
ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالتۇن - كۈمۈش، تۆمۈر
ئەسۋابلار، مىس كۆزگۈ، سىرلانغان جابدۇق-
لار، فار - فۇر قاچا قاتارلىقلارمۇ غەربىي
يۇرتنىڭ شەھەر - بازارلىرىدا بازىرى ئىتتىك
ماللار ئىدى.

يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىككە ئاپىرىپ سېتىلىدىغان ماللار ئىچىدە
يۇڭ - توقۇلما بۇيۇملار، خۇشپۇراق ماتېرى-
ياللار، ئۈنچە - مەرۋايىت، قاشتېشى، ئات
ۋە ئەتىۋارلىق ھايۋان تېرىلىرى بار ئىدى. بۇ
ماللار ئىچكى رايونلارنىڭ بازارلىرىدا ئىنتا-
يىن قىممەت باھادا سېتىلاتتى.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن يىپەك
يولى سودىسى ۋە قاشتېشى تەدرىجىي روناق
تاپقان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرى (1368 —
1644) دە دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇن بۇ
يول باشتىن - ئاخىر شەرق بىلەن غەرب ئوت-
تۇرىسىدا سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت
ئالاقىسى ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇھىم يول بو-
لۇپ كەلگەن.

(ئاخىرى 64 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە ۋە ئائىلە شەجەرىسى تۇرغۇزۇش ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

ئەنۋەر سەمەت غەربى

( شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن )

ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك، پائالىيەتچان بىرلىكى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئالدىغا كىچىك جەمئىيەتتۇر. ئائىلە — نىكاھ ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتىدىن شەكىللىنىدىغان، ئۈزلۈكسىز پەيدا بولىدىغان ۋە پارچىلىنىپ، شاخلاپ تۇرىدىغان بولغاچقا، مەلۇم قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگەبولغان بارلىق ئائىلە ۋە شۇ ئائىلىلەرنىڭ ئەزالىرى بىر جەمەتنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا ئائىلە تارىخى ئەمەلىيەتتە قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسلىنىدىغان جەمەتنىڭ تارىخي خاتىرىسىدۇر. ئۇيغۇر تىلىدا مەلۇم جەمەتنىڭ تارىخي خاتىرىسى «نەسەبنامە» دېيىلىدۇ، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «جۇرۇڭقاي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «نەسەب» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «تۇغقان، قان - قېرىنداش، قانداشلىق مۇناسىۋەت» دېگەن مەنىگە ئىگە. «نەسەبنامە» بولسا مەلۇم ئائىلە ياكى جەمەتنىڭ قان - قېرىنداشلىق يىلتىزى ۋە مۇناسىۋىتى خاتىرىلەنگەن جەمەت تارىخى دېگەنلىكتۇر. «جۇرۇڭقاي» سۆزىگە كەلسەك، بۇ سۆز ھازىر «ئائىلىنىڭ تارىخي خاتىرىسى» مەنىسىدە موڭغۇل تىلىدىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن، بۇ سۆزنىڭ موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن سۆز ئەمەس، بەلكى قەدىمكى ئالتاي تىللىرىغا ئورتاق سۆز ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلاردا ۋە قېرىنداش تۈركىي خەلقلەردە نەسەبنامە يېزىش ئەنئەنىسىنىڭ خېلى ئۇزاق تارىخى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

قەدىمدە جەمەت نەسەبنامىسىنىڭ بارلىقى كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى ئۇرۇق ياكى جەمەت مۇناسىۋىتىگە ئېتىبار بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. جەمەت نەسەبنامىسى ئەسلىدە قەدىمكى دەۋرلەردىكى چوڭ ئۇرۇقلار ياكى ئاقسۆڭەكلەر ئۇرۇقلىرىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، بۇ ھەممە مىللەتتە دېگۈدەك مەۋجۇت بولغان، ئەمما بىر مىللەتنىڭ ھەممە ئائىلە ۋە جەمەتلىرىدە بىردەك ئومۇملاشمىغان ھادىسىدۇر. ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە ، مەيلى چوڭ ياكى كىچىك جەمەتلەر بولسۇن، ھەممىسىدە دېگۈدەك نەسەبنامە تۇزۇپ ساقلايدىغان ھەمدە ئۇنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرىدىغان ئەھۋال بارلىققا كەلگەن. بۇ ياۋروپا مىللەتلىرى ۋە خەنزۇلاردا بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئەنئەنە ھې-

كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى

سابلىنىدۇ. ئەرەبلەردە نەسەبنامە «سىلسىلەتۇن نەسەب» (ئائىلە زەنجىرى ، قانداشلىق مۇناسىۋەت زەنجىرى، مەنىلىرىدە) دېيىلىدۇ. بۇ ھامان قانداشلىق مۇناسىۋەتنى تۈپ ئاساس قىلغان ھالدا تۈزۈلىدۇ. ياۋروپا مىللەتلىرىدىكى «Genealogy» دەپ ئاتىلىدىغان نەسەبنامىمۇ ئوخشاشلا ئائىلە ياكى جەمەتنىڭ تارىخىدىن ئىبارەت. نەسەبنامە ھەرقايسى مىللەت تىللىرىدا قانداق ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، نەسەبنامىلەر بىردەك بىر ئائىلە ياكى جەمەتنى ئاساس قىلغان ھالدا تۈزۈلىدۇ، بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قەدىمكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدە مىلادىيىدىن ئىككى - ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىلا تىبەت ۋە قارۇشتى يېزىقلىرىداخاتىرىلەنگەن، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلىلا مۇكەممەل بولغان نەسەب خاتىرىسى بولغان①. بۇنىڭدىن سىرت بىز ئورخۇن - يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىنى نەسەبنامىنىڭ خاراكتېرى ئېتىبارى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە كۆكتۈرك خانلىقى خان جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى دەپ ئېيتالايمىز.

15 - ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا تەزكىرىچىلىك شەكىللىنىپ ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر شەخسلەر ۋە جەمەتلەرنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن تەزكىرىلەر بارلىققا كەلدى. مەسىلەن: «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» ، «ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى» قاتارلىقلار. تېخىمۇ جانلىق دەلىللەر شۇكى، ھازىر قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارىخى 500 يىلغا يېتىدىغان، خاتىرىلەنگەن ئادەم سانى 1000دىن ئاشىدىغان، مۇكەممەل كۆرۈنۈشلۈك نەسەبنامە (جۇرۇڭقاي) لار ساقلانماقتا ۋە ھازىرقى ئەۋلادلار تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلماقتا. دېمەك، بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ نەسەبنامە تۇرغۇزۇش ئەنئەنىسىنىڭ بارلىقىنى كېسىپ ئېيتالايمىز. بىراق، نەسەبنامە تۇرغۇزۇش قەدىمكى دەۋرلەردە خان جەمەتى، ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى ۋە ئاز ساندىكى قەلەمدارلار ئارىسىدىلا چەكلەنگەن ئەنئەنە بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە تارىخ ئېڭى كۈچلۈك، ئۆز ئائىلە تارىخىنى مىللەت تارىخىنىڭ بىر تەركىبى دەپ ھېسابلايدىغان، نەسەبنامە ئارقىلىق ئۆتمۈشنى كەلگۈسىگە ئۇلاشتەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك ئاز ساندىكى كىشىلەر ئارىسىدىمۇ داۋاملاشتۇرۇلماقتا.

1996 - يىلدىن ئېتىبارەن «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى «يىلتىزىم» ناملىق سەھىپە ئېچىپ، ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى تارىخىنى بىلىش، ئېنىقلاش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە نەسەبنامىسىنى تۈزۈۋېلىشىغا رىغبەت بەردى. نەتىجىدە نۇرغۇن بالىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى ئۆزى بىلگەن دائىرىدە تونۇشتۇرۇش بىلەن تەڭ ئۆزلىرىنىڭ پاكىز ئەمما قىزغىن تارىخ تۇيغۇسىنى ئىپادىلىدى. مەن بالىلارنىڭ ئۆز ئائىلە نەسەبنامىلىرىنى تۇرغۇزۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە شۇ ژۇرنالنىڭ 1997 - يىللىق 12 - سانىدا «نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ بىرقانچە ئىسخېمىسى» ناملىق ماقالەمنى سەبىيلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىگە سۇنغانىدىم. قىسقىسى، نەسەبنامە تۈزۈش، شۇ ئارقىلىق ئەجداد- ئەۋلاد زەنجىرىنى ھاسىل قىلىش، نۆۋەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭكۈچىيىشى، تارىخ تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىشى، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ناھايىتى

www.uyghurkitap.com

جانلىق بىر تەرىپى ۋە ئىپادىسى بولۇپ قالدى.

مەرىپەتلىك جەمئىيەتتە مەرىپەتلىك مىل-
لەتلەر بىلەن تەڭ قەدەمدە مېڭىش، ھەر بىر
پائالىيەت ۋە ھەر بىر ھەرىكىتىمىزدە ئۇيغۇر-
لىقنى ئىپادىلەش، مىللىي خاسلىقنى يوقىتىپ
قويماسلىق، ئەۋلادلارغا كۈچلۈك تارىخ تۇيغۇ-
سى ئاتا قىلىش ئۈچۈن نەسەبنامە يېزىش ئەنئە-
نىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ياخشىراق چا-
رە بولمىسا كېرەك. چۈنكى، ھازىرقى زامان-
دىكى مەرىپەتلىك مىللەتلەر ئۆز نەسەبنامىلى-
رىنى مىللەت تارىخىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە
تونۇيدۇ، ئۇنى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىكى
ئېسىل دەرسلىك قىلىدۇ، نەسەبلىرى بىلەن
پەخىرلىنىشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ، جەمەتداشلا-
ر ئارا ئىتتىپاقلىقنى، ئۇيۇشقاقلىقنى كۈچەي-
تىشنىڭ ۋاسىتىسى دەپ قارايدۇ، نىكاھ، ئا-
ئىلە مۇناسىۋەتلىرىنى تەكشۈرىدىغان ماتېرىيال
سۈپىتىدە قەدىرلەپ داۋاملاشتۇرىدۇ. تېخىمۇ
مۇھىم بىر تەرەپ شۇكى، جەمەت نەسەبنامى-
سى ھامان مەلۇم فامىلە تارىخىدۇر. نەسەبنامە
- فامىلە ۋە ئۇنى قوللانغۇچى جەمەتداشلارنىڭ
تارىخىي ئاساسىدۇر. فامىلە قوللىنىدىغان
مىللەتلەردە ھامان شۇ فامىلىنىڭ پەيدا بولۇ-
شىدىن تارتىپ ئاۋۇشىغىچە بولغان جەريان
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نەسەبنامە بولىدۇ. باشقى-
چە ئېيتقاندا فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسىگە
ئىگە مىللەتلەر فامىلە قوللىنىش بىلەن نەسەب-
نامە تۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدۇ، فامىلە
قوللىنىشتا نەسەبنامىنى يازما ئاساس قىلسا،
نەسەبنامە يېزىشتا فامىلىنى ئۆلچەم قىلىدۇ.
ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىش تەشەببۇسى كۆ-
تۈرۈلگەندىن بېرى بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئەھمىيەت-
لىك پىكىرلەر ۋە لايىھەلەر ئوتتۇرىغا قويۇل-
دى. مېنىڭچە، بىر مىللەتتە فامىلە قوللى-
نىش ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تاما-
مەن مۇمكىن. ئەمما فامىلە قوللىنىش ئەنئە-
نىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، نەسەبنامە تۈ-
زۈش مۇھىم يېزىق ئاساسى ۋە پرىنسىپ قىلى-
نىشى لازىم. چۈنكى، فامىلە قانداشلىق مۇنا-
سىۋىتى بىلەن باغلانغان بىر پۈتۈن جەمەتنىڭ
ئومۇمىي بەلگىسىدۇر، نەسەبنامە بولسا شۇ
بەلگىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئىشلەتكەن بارلىق
كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدۇر. فامىلە قوللى-
نىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا نەسەبنامە تۈزۈش
بىرىنچى قەدەم قىلىنسا، ئۇنداقتا شۇ نەسەبنا-
مە تەركىبىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ مەلۇم
بىر ئورتاق نامنى فامىلە سۈپىتىدە تاللاپ قول-
لىنىشنى تېزلەتكىلى ھەمدە فامىلە قوللى-
نىشتا كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان قالاي-
مىقانچىلىقنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە مەلۇم نەسەبنامە چوقۇم مەلۇم فامىلە
بىلەن ئاتىلىشى لازىم بولىدۇ. مەسىلەن: مە-
لۇم بىر كىشى ئۆز جەمەتىنىڭ مەلۇم بىر
ئورتاق نامغا ئىگە بولمىغانلىقى سەۋەبلىك،
ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان بىر سۆزنى فامىلە
قىلىپ ئىشلەتمەكچى بولغىنىدا، ئۇنىڭ تاللى-
غان فامىلىسىنى شۇ جەمەتتىكى باشقا كىشى-
لەرنىڭ قوبۇل قىلىشى ناتايىن. ئەگەر ئۆز
ئائىلىسىدىنلا باشلاپ قوللىنىشنى خالىسا،
ئۇنداقتا بۇنداق فامىلىنىڭ ئەجدادلار ئەنئەن-
ىسىنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى رولى ئاجىز بولۇ-
شى، قانداشلىق مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ۋە
ئۇنى ساقلاشتىكى رولى چوڭ بولماسلىقى
مۇمكىن. چۈنكى، فامىلە شۇ شەخسنىڭ ئۆ-
زىگىلا خاس نام بولۇپ قالماستىن، بەلكى
تېخىمۇ مۇھىمى قانداشلىق، قېرىنداشلىق ۋە
جەمەت، ئائىلە تارىخى قاتارلىق مەنىلەرنى ئۆ-
زىگە يۈكلىگەن نامدۇر. شۇڭا نەسەبنامە ۋە

فاملىنى ھەر كىم ئۆزىدىن باشلىغاندىن كۆرە، نىسبەتەن يىراقتىن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىش مۇۋاپىق. مۇشۇنداق قىلغاندا، پۈتكۈل جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق فاملىسىنى بېكىتىپ چىققىلى، قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. شۇڭا مەن فاملە ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن نەسەبنامە تۈزۈشنى بىرگە ئېلىپ بېرىشنى ئەمەلىي ۋە مەنپەئەتلىك تەدبىر دەپ قارايمەن.

بۈگۈنگە قەدەر تۈزۈلگەن نەسەبنامىلەردە مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتە نۇرغۇن پەرقلەر بار. مېنىڭچە، نىسبەتەن ئومۇمىيلاشقان ۋە مۇكەممەلرەك بولغان نەسەبنامە كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكىدەك سەككىز مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

1. مۇقەددىمە؛ 2. شۇ جەمەت ياكى ئائىلىنىڭ يىلتىزى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش؛ 3. جەمەت شەجەرىسى؛ 4. نەسەبنامە جەدۋىلى؛ 5. جەمەتتىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى. بۇ توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئەھۋاللىرى، باشقا مىللەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇش ئەھۋالى، شۇ جەمەتنىڭ گۈللىنىش، خارابلىشىش ئەھۋاللىرى ۋە سەۋەبى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ 6. شۇ جەمەتنىڭ ئولتۇراقلىشىش ماكانلىرى ۋە كۆچۈش ئەھۋالى؛ 7. شۇ جەمەتتىكى كىشىلەرنىڭ قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى، قەبرە ئورنى قاتارلىقلار؛ 8. شۇ جەمەتتىن چىققان مەشھۇر شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرى.

ئەلۋەتتە، نەسەبنامىنىڭ مەزمۇنىنى نەسەبنامە يازغۇچى جەمەت ئەزالىرى ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ماتېرىيالنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، بىلىم قۇرۇلمىسى، قىزىقىشى بويىچە بېيىتىشقا ۋە تەڭشەشكە بولىدۇ.

نەسەبنامىگە شۇ جەمەت تەركىبىدىكى بارلىق ئەر ئەزالار ئەۋلاد تەرتىپى بويىچە باي ـ كەمبەغەللىك ۋە يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك پەرقىگە قارىماي تىزىلىدۇ. ئايرىم مەشھۇر شەخسلەر ئۈچۈن مۇۋاپىق ئورۇندا بەت ئاجرىتىلىپ تەرجىمىھال تۇرغۇزۇلىدۇ. فاملىسى بار جەمەت ئۆز نەسەبنامىسىنىڭ بېشىدا فاملىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىياتى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ. مۇۋاپىق تېپىلسا شۇ جەمەتنىڭ باشقا جەمەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋاللىرى قوشۇمچە قىلىنسىمۇ بولىدۇ.

ئائىلە ياكى جەمەت نەسەبنامىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى شەجەرىدۇر. «شەجەرە» ئەرەب تىلىدا «بىر تۈپ دەرەخ» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ «شجرەالنسب» (شەجەرە تۈن نەسەب) شەكلىدە ئىشلىتىلىپ «ئۇرۇق ـ تۇغقانلار مۇناسىۋىتىنى دەرەخ شەكلىدە كۆرسىتىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شەجەرە بىر جەمەت كىشىلىرىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەشتە يازما نەسەبنامىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق ھەم يىغىنچاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. شەجەرىنىڭ خىلمۇخىل شەكىللىرى بار. شەجەرە تارىخى ئۇزۇن بولمىغان جەمەتلەر ئۈچۈن قوللىنىلىپ، ئايال تارەپنىمۇ شەجەرىدە كۆرسىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىر شەرت شۇكى، بىر جەمەتكە تەئەللۇق ئاياللارلا ئايرىپ كۆرسىتىلىشى كېرەك.

نۆۋەتتە ئۇيغۇرلاردا فاملە قوللىنىش ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمىغا ئايلىناي دەپ قالدى. شۇڭا بىز يېقىن كەلگۈسىدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ فاملە قوللىنىشى ۋە چىرايلىق

www.uyghurkitap.com

نەسەبنامىلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈشىمىز مۇمكىن. بىز مانا مۇشۇنداق يۈزلىنىشنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل شەجەرە ئىسخېمىسى ۋە بۇ ھەققتىكى پرىنسىپلارنى شەرھىيلەيمىز.

**1. دەرەخ شەكىللىك شەجەرە**

بۇ ئەڭ دەسلەپتە قوللىنىلغان ۋە ئەسلى مەنىسى بويىچە قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان شەكىلدۇر. بىر جەمەتنىڭ زورىيىپ ئۆلغىيىشىنى بىر تۈپ دەرەخنىڭ بىر تال ئۇرۇقتىن ئۈنۈپ، شاخلاپ، يوپۇرماقلاپ كۆكلىشىگە تەدبىقلاشقا بولىدۇ. شۇڭا ئائىلە شەجەرىسىنى تۇرغۇزۇشتا دەرەخ شەكلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىچە:



بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا، دەرەخ شاخلىرىنى ئەۋلاد سانىغا قاراپ تەكشىگەندىن سىرت، ھەر بىر ئەۋلادنىڭ پەرقىنى «ئەۋلاد چېگرا سىزىقى» ئارقىلىق ياكى ئوخشىمىغان رەڭلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش لازىم.

**2. ئەپكەش شەكىللىك شەجەرە**

بۇ ئەۋلاد - ئەجداد قاتلىمىنى ئىنتايىن ئېنىق كۆرسىتىشكە بولىدىغان شەكىل بولۇپ، ئەپكەشنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا تۈنجى ئەۋلاد كىشىنىڭ ئىسمى، ئاستىنقى رەتلەرگە يۇقىرىقى كىشىدىن شاخلىغان كىشىلەر ئەۋلاد تەرتىپى بويىچە تىزىلىدۇ. شەكلى تۆۋەندىكىچە:



**3. قۇياش شەكىللىك شەجەرە**

بۇنىڭدا قۇياشنىڭ ئىچىگە مەلۇم بولغان ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادنىڭ ئىسمى يېزىلىدۇ، ئۇنىڭدىن تارىغان ئەۋلادلار قۇياشتىن تارقالغان نۇر چەمبەرلەر ئىچىگە تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىچە:



**4. ئورغاق ئاي شەكىللىك شەجەرە**

بۇ شەكىل جەھەتتىن مۇشكۈلرەك ئىس-

خېما بولسىمۇ، لېكىن ياخشى لايىھىلەنسە، كۆركەم ۋە سىغىمچانلىقى يۇقىرى بولۇپ پۈتىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ چوڭ ئورغاق ئايغا تۇنجى ئەجدادنىڭ ئىسمى يېزىلىپ، ئۇنىڭدىن كۆپەيگەن ئەۋلادلار بوغۇن تەرتىپى بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاي شولىسى شەكلىدىكى نۇر چەمبەرلەر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىچە:



«شەجەرە» نىڭ «ئائىلە ياكى جەمەت مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان دەرەخ» دېگەن مەنىسىگە ئاساسلانغاندا، بىرىنچى خىل شەكىللا ئەنئەنىۋى ۋە ئۆلچەملىك شەجەرە ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ شەكىل ئاللىقاچان بېيىپ ئۆز مەنە دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ كەتتى، شۇڭا ھەركىم ئۆزلىرى ئۇچۇن مۇۋاپىق دەپ قارىغان بىر شەكىلنى تاللىۋالسا بولۇۋېرىدۇ. بوۋىسى بىلەن ئۇلۇغ بوۋىسىدىن باشقىسىنى بىلمەيدىغانلار بوۋىسى ياكى ئۇلۇغ بوۋىسىنى ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى، دەپ قاراشقا مەجبۇردۇر.

فامىلە قوللىنىش ۋە نەسەبنامە تۇرغۇزۇش كۇتۇپ تۇرىدىغان ئىش ئەمەس. جۈملىدىن نەسەبنامە تۇرغۇزۇشتا كۆپىنچە پېشقەدەملەرنىڭ ئاغزاكى ماتېرىياللىرىغا تايىنىمىز. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جەمەت تارىخىغا دائىر ئەھۋاللارنى بىلگۈچى شاھىدلار ئازىيىپ، تارىخمۇ يەرگە كۆمۈلۈپ ماڭىدۇ. شۇڭا نەسەبنامە تۇرغۇزۇشنى ئىمكانقەدەر تېزراق باشلاپ، كەلگۈسىدىكى فامىلە قوللىنىش ئىشىنى ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك. بەزى جەمەتلەرنىڭ تارىخى ئويلىمىغان يەردىن بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلارغا ئالاقىدار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇرلاردا بىر پۈتۈن نەسەبنامە تۈزۈش ئەنئەنىسىنى تۇرغۇزۇش، ئېنىق فامىلە ۋە نام - شەرىپى بار كىشىلەرنى ھەمدە قاتلىمى ئېنىق جەمئىيەتنى بەرپا قىلىشتا مەلۇم ئىجادىي رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ياپونىيىلىكلەرنىڭ فامىلىسى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

**مەريەم ساقىم**

( شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە كافېدراسىدىن )

بۈگۈنكى دۇنيادا پەن - تېخنىكا مىسلى-
سىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ئەقىلنى لال
قىلغۇدەك مۆجىزىلەر يۈز بېرىۋاتقان بولسى-
مۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ ئورتاق تىلىكى بول-
غان بەختلىك ياشاش پەقەت پەن - تېخنىكى-
نىڭ قۇدرىتى بىلەنلا كاپالەتلىنىپ كەتمىسە
كېرەك.

ئىنسانلار هاياتلىق مۇساپىسىدە تەبىئەت-
تىن ئۆز ئەجرىگە لايىق مەنىۋى ئوزۇقلارغا
ئېرىشىپ كەلگەن. بىراق، هازىرقى پەن -
تېخنىكا تەرەققىياتى ئىنسانلارغا تەبىئەت ئاتا
قىلغان ئاشۇ مەنىۋى ئوزۇقنى ئاتا قىلالىشى
مۇمكىنمۇ؟

ئىنسانلار قەدىمدىن تارتىپ بەخت چۈشەن-
چىسىنى ساقلىق، سۆيگۈ، بايلىقتىن ئىبارەت
ئۈچ مەزمۇنغا يىغىنچاقلاپ كەلگەن.

هەرقانداق ئىنسان دۇنياغا تۆرەلگەن ئى-
كەن بەختلىك ياشاشقا ئىنتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ
ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، هەتتا خىيالىي ئار-
زۇلاردىمۇ بولىدۇ. ئەنە شۇ خىيالىي ئارزۇلار
ئىچىدە دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بوۋاققا
تاللانغان ئىسمىنىڭ شۇ بالىغا بەخت - سائادەت
ئېلىپ كېلىشىگە ئىشىنىشتەك ئەنئەنە - ئۆ-
دۇملار بار.

ئادەم دۇنياغا تۆرىلىش بىلەنلا ئىسىم قو-
يۇلىدۇ. ئادەم تۇغۇلۇپ رويخەتكە ئېلىنغاندىن
باشلاپ، مەكتەپكە كىرىش، خىزمەتكە چى-
قىش، توي قىلىش، مىراسقا ۋارىسلىق قى-
لىش، ئولتۇراق زېمىن هوقۇقىغا ئىگە بو-
لۇش، شەخسنىڭ ئىززەت - ئابرويى، گراژ-
دانلىق مەجبۇرىيىتى، ئىجتىمائىي ئورنى قا-
تارلىقلار شۇ ئادەمنىڭ ئائىلە نەسەبى، ئىسىم-
فامىلىسى ئارقىلىق قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قى-
لىنىدۇ.

مەن تۆۋەندە ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئىسىم -
فامىلە تاللاشتىكى ئەقىدە، كۆز قاراشلىرى ۋە
فامىلە قوللىنىش ئەهۋالىنى ئۇيغۇرلارنىڭ نۆ-
ۋەتتىكى فامىلە قوللىنىش ئۇستىدىكى تەتقى-
قاتلىرى ئۈچۈن ئاز - تولا پايدىلىنىش قىممى-
تى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، دېگەن ئۈمىد-
تە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

ياپونىيىلىكلەردە بالىلارغا ئىسىم ۋە فا-

ملە تاللاشتا تاللانغان ئىسمنىڭ شۇ بالىغا بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىشتەك ئىلاھىي قۇدرىتىگە ئىشىنىش ۋە ئىسىم بىلەن بالىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ قانۇنىيىتىگە باغلاپ چۈشىنىشتەك ئەقىدىچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇلار ئىسىم ـ فامىلە تاللاشتا تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئورگانىزمنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ماددىلارنىڭ بىر بىرىنى ئاپىرىدە قىلىش ۋە يەكلەشتەك ئىككى ئاساسىي قانۇنىيەتنى ئىزاھلايدىغان مەنپى (ـ) لىك ، مۇسپى (+) لىق نەزەرىيىسىگە، تەبىئەتتىكى زىددىيەت ۋە بىرلىكنىڭ ئاساسى بولغان بەش ئاناسىر (ئوت، ھاۋا، تۇپراق، ياغاچ، مېتال) نىڭ ئۆزئارا زىددىيىتى ۋە بىرلىك گارمونىيىسى پرىنسىپلىرىغا ھەمدە 12 بۇرچلۇق يۇلتۇزلار تۇركۇمى يەنى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى، پەسىل ئۆزگىرىشى قاتارلىق تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى بىلىملىرىگە ئاساسلىنىدۇ.

ھەرقانداق ئىسىم ـ فامىلە ئېغىزدىن چىققان تاۋۇشلارغا ئاساسلانغان بىر نەچچە ھەرپتىن تۈزۈلىدۇ. ياپونىيىلىكلەر ئاشۇ ئىسىم ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ھەرپلەر تاۋۇش بولۇپ ئېغىزدىن چىققاندا تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان بىر سېھرىي كۈچنى، ئىلاھىي ھىكمەتنى ئىپادە قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ ۋە بۇنى كوتوتاما ( 言 灵 ) دەپ ئاتايدۇ. يېزىقتا ئىگە ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەر (ياكى سۆزلەر) ھاياتىي كۈچكە ۋە تارىخىيلىققا ئىگە، شۇڭا فامىلىگە ماس ئىسىم تاللاشتا، قۇراشتۇرۇلغۇسى سۆز ۋە ھەرپلەرنىڭ بىر بىرىگە ماسلىشىشى ۋە جىپسىلىشىشى تولىمۇ مۇھىم دەپ قارىلىدۇ.

ياپونىيىلىكلەرنى يېزىقى ئەڭ دەسلەپتە 50 ھەرپتىن تۈزۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى A, I, U, E, O دىن ئىبارەت بەش سوزۇق تاۋۇش ھەرپلەرنىڭ يادروسى دەپ قارىلىدۇ. قالغان ھەرپلەر بەش سوزۇق تاۋۇشقا ماسلاشقان ھالەتتە 10 قۇرغا تىزىلىپ 50 ھەرپنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئا» قۇرى: A I U E O
«كا» قۇرى: KA KI KU KE KO
«سا» قۇرى: SA SHI SU SE SO
«تا» قۇرى: TA CHI TSU TE TO
«نا» قۇرى: NA NI NU NE NO
«خا» قۇرى: HA HI HU HE HO
«ما» قۇرى: MA MI MU ME MO
«يا» قۇرى: YA (I) YU (E) YO
«را» قۇرى: RA RI RU RE RO
«ۋا» قۇرى: WA (I) (U) (E) O

ھازىر YA ۋە WA قۇرىدىكى بەزى ھەرپلەر A قۇرىدىكى ھەرپلەر بىلەن تەكرار بولغاچقا 50 ھەرپ بولمىسىمۇ دەسلەپكى ئۇقۇم بويىچە 50 ھەرپ دەپ ئاتاش ئادەت بولۇپ قالغان.

ھەرپلەر تىزىلمىسىدىكى 10 قۇرنىڭ ھەر

بىرى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تۈۋرۈكى بولمىش بەش ئاناسىرنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە تۈرلىنىدۇ.

A، YA ، WA قۇرلىرىدىكى ھەرپلەر بەش ئاناسىرنىڭ مەركىزى بولمىش تۇپراققا؛ KA قۇردىكى ھەرپلەر باھار خاراكتېرىگە ئىگە دەپ قارالغاچقا دەرەخ (ياغاچ) كە؛ TA، NA، RA قۇرلىرىدىكى ھەرپلەر ئوتتەك ياز تەپتىنى نامايەن قىلىدۇ دەپ قارالغاچقا ئوتقا؛ SA قۇردىكى ھەرپلەر كۈزدىكى مول ھوسۇللۇق كەيپىياتىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارالغاچقا ئالتۇنغا؛ HA، MA قۇرلىرىدىكى ھەرپلەر «تاما- تاما كۆل بولۇر» ، «تامچىدىن دېڭىز» دېگەن تەسەۋۋۇرغا ئاساسەن سۇغا مەنسۇپ دەپ قارىلىدۇ.

بەش ئاناسىرنىڭ بىر بىرىنى ئاپىرىدە قىلىش ۋە يەكلەش قانۇنىيىتىدە دەرەخ ئوتنى، ئوت تۇپراقنى، تۇپراق ئالتۇننى، ئالتۇن سۇنى ئاپىرىدە قىلىدۇ، شۇڭا فامىلىنىڭ باش ھەرپى بىلەن ئىسمىنىڭ باش ھەرپى بىر بىرىنى ئاپىرىدە قىلىدىغان ئاناسىرغا مەنسۇپ بولغاچقا بۇ خىل تاللانغان ئىسىم ياخشىلىق ۋە بەخت - تەلەيدىن بىشارەت بېرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن: 田 中 幸 雄 (تاناكايۇكىئو) دىكى تاناكا( 田 中 ) فامىلە، يۇكىئو( 幸 雄 ) ئىسىم. فامىلىنىڭ باش ھەرپى «تا» ئوتقا مەنسۇپ، ئىسمىنىڭ باش ھەرپى «يۇ» تۇپراققا مەنسۇپ، ئوت تۇپراقنى ئاپىرىدە قىلغاچقا، مۇنداق ئىسىم - فامىلە ئىنسانغا بەخت - سائادەت، ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.




توم سىزىق ئاپىرىدە قىلىش، ئىنچىكە سىزىق يەكلەشنى بىلدۈرىدۇ.

ياپونىيىلىكلەر يەنە ئىسىم - فامىلىلەردىكى خەتلەرنىڭ سىزىق سانى ۋە ئۇنىڭدىكى باش ھەرپ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە، مەسىلەن: فامىلىنىڭ باش ھەرپى تەڭرى (ئاسمان) گە، ئىسمىنىڭ باش ھەرپى زېمىن (يەر) گە مەنسۇپ دەپ قارىغاچقا، فامىلە بىلەن ئىسىم ئاسمان - زېمىن بىرلىكىنىڭ تەقسىملىنىشى بويىچە تاللىنىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ياپونىيىلىكلەر يەنە ئىسىم - فامىلىلەر خەت سىزىق سانىنىڭ جۈپ - تاقلىقى مەنپى (-) ۋە مۇسبى (+) لىك نەزەرىيىسىگە ئاساسلىنىپ، بۇ ياخشىلىقتىن بىشارەت بېرىدۇ، دەپ قارىشىدۇ.

قەدىمكى زاماندا كائىناتتىكى ھادىسىلەر تەرتىپسىز، قانۇنىيەتسىز ھالەتتە بولغانمىش،

www.uyghurkitap.com

شۇڭا كېيىنكى كىشىلەر كائىناتتا لەيلەپ يۈ-
رىدىغان يېنىك نەرسىلەرنى ئاسمانغا، ئېغىر
چۆكۈندە نەرسىلەرنى يەرگە ئوخشاتقانمىش،
مانا مۇشۇ قاراشلاردىن ئاسماننى مۇسپى، يەر-
نى مەنپى دەپ ئايرىش شەكىللەنگەنىكەن. ھا-
زىرقى زامان ئاسترونومىيە ۋە فىزىكا ئىلمىدا
مۇسپى - مەنپى ئېنېرگىيىلەرنىڭ ئۆز ئارا
تەسىرلىنىشىدىن ئالەم بىنا بولغان دەپ قارى-
لىدۇ.

ياپونىيىلىكلەردە فامىلىنىڭ خەت سىزىق
سانى تاق سان بولسا مۇسپى، ئىسمىنىڭ خەت
سىزىق سانى جۈپ سان بولسا مەنپى بولغان
بولىدۇ. مۇشۇنداق قۇراشتۇرۇلغان فامىلە -
ئىسىم قۇتنىڭ نىشانى دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭ
ئەكسىچە فامىلىنىڭ خەت سىزىق سانى جۈپ
سان بولسا مەنپى، ئىسمىنىڭ خەت سىزىق
سانى تاق سان بولسا مۇسپى بولۇپ، بۇمۇ
قۇتنىڭ نىشانى دەپ قارىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ياپونىيىلىكلەر تو-
غۇلغان بالىنىڭ يۇلتۇزىغا قاراپ، يۇلتۇزلار
تۈركۈمىنىڭ خاراكتېرى بويىچە فامىلىگە ماس
كېلىدىغان ئىسىم تاللىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن ياپونىيىلىكلەرنىڭ تەبى-
ئەتنىڭ سىرىغا كۈچىگە چوقۇنۇش ۋە ئۆز
ئىسىم - فامىلىلىرىنى ئۇنىڭغا باغلاش ئارقى-
لىق سىرلىق تەبىئەتتىن بەخت - سائادەت
تىلەش ئىستىكىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى قىياس
قىلىش تەس بولمىسا كېرەك.

ياپونىيىدە ئومۇميۈزلۈك فامىلە قوللى-
نىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، پۇقرالار كۆ-
پىنچە يەر (ئېتىز) ، دالا ۋە ئۆسۈملۈك ناملى-
رىغا ئوخشاش قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە
ئىگە ناملارنى فامىلە قىلىپ ئىشلەتكەن. مە-
سىلەن: تاناكا( 田中 ) ، كورانو( 藏野 )
، ئۇئې گاكى ( 上柿 ) ، ئۇمې مۇرا( 梅
村 ) قاتارلىقلار. بىر جەمەت كىشىلىرى
شاخلاپ، ئوخشاش فامىلىلەر بەك كۆپىيىپ
كەتكەچكە، فامىلە كەينىگە شۇغۇللانغان
كەسىپ نامىنى قوشۇش ئارقىلىق بىر بىرىنى
پەرقلەندۈرۈش ئەھۋالى مەيدانغا كەلگەن. مە-
سىلەن: شال تېرىپ گۈرۈچچىلىك بىلەن جا-
ھاندارچىلىق قىلىدىغان ناكامۇرا جەمەتى ( 中
村 ) ئۆزلىرىنى باشقا ناكامۇرا( 中村 ) جە-
مەتىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ناكامۇرا( 中
村 ) نىڭ كەينىگە كومېيا( 米屋
گۈرۈچچى) دېگەن كەسىپ نامىنى قوشقان.

سۇزۇكى ( 玲木 ) ياپونىيىدە ئەڭ كۆپ
ئۇچرايدىغان فامىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ
جەمەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بوۋىلىرىنىڭ بىرى
ۋاكا ياما ۋىلايىتىدىكى بىر مەشھۇر قەدىمىي
بۇتخانىنىڭ قوڭغۇراقچىسى بولغاچقا، «قوڭ-
غۇراقچى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۇزۇكى (
玲木 ) دېگەن بۇ نام كېيىنكىلەرگە فامىلە
بولۇپ قالغانىكەن. ياپونىيىدە بۇتخانا، ئىبا-
دەتخانىلار بەك كۆپ بولغاچقا، بۇ خىلدىكى
فامىلىمۇ كۆپىيىۋەرگەن.

ياپونىيىدە ئەڭ ھەيران قالارلىق بىر
ئىش شۇكى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پەقەت

www.uyghurkitap.com

بىرلا جەمەتنىڭ يەنى پادىشاھ جەمەتىنىڭ فامىلىسى يوق ئىكەن. ياپونىيە خەلقى ناۋادا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلسە ئىسىم - شەرىپىنىڭ كەينىگە پادىشاھ ئالىيلىرى، خانىش ئالىيلىرى، مەلىكە ئالىيلىرى، شاھزادە ئالىيلىرى دېگەندەك سۆيەت سۆزلىرىنى قوشۇپ ئاتىشىدۇ. مەسىلەن: ھازىرقى پادىشاھىنىڭ ئىسمى ئاكىختىتو (明 仁) بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىغاندا چوقۇم تېنىنو ئاكىختىتو (پادىشاھ ئاكىختىتو ئالىيلىرى) دەپ ئاتايدۇ. خانىش، شاھزادە ۋە مەلىكىلەرمۇ ئوخشىمىغان سۆيەت سۆزلىرى بىلەن ھۆرمەتلىنىپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

پادىشاھ شوۋانىڭمۇ ئۈچ ئىنىسى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئۆي ئايرىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز ئىسمىلىرىنىڭ ئالدىغا پادىشاھ جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان چىچىبۇنو ميا (秩父宫)، مىكاسانو مىيا (三立宫)، تاكاماتسۇنو مىيا (高 松 宫) دېگەندەك سۆيەت سۆزلىرىنى قوشۇپ ئىشلەتكەن.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

---

(بېشى 53 - بەتتە)

يىپەك يولىدىكى خەلقئارا سودىدا سوغدىلارنىڭ تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان. ئۇلار غەربىي يۇرتتىكى بوستانلىق تىجارەتچىلىرىدەك دۇكان - ساراي ئېچىپ، سودا قىلىشتىن ھالقىغان ھالدا، يۇرت كېزىپ شەرقتىن غەربكە، شىمالدىن جەنۇبقا قاتناپ «يىپەك يولى» ۋە باشقا چەت - ياقىدىكى شەھەر - بازارلارنى ھەققىي، راۋان ۋە گۈللەنگەن ھاياتىي مەنزىلگە ئىگە قىلغانىدى.

---

ئاساسلىق پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1. ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 1- توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى ئۇيغۇرچە
2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى
3. «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى
4. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى

تەھرىرلىگۈچى: جەمىلە ئابلا

# 新疆地方志

（季刊）

目　录

2002年第三期

总第六十期



顾　问

乌依古尔·沙依然

伊敏·图尔逊

努尔穆罕默德·多莱提

主　编

沙比尔·艾力

副主编

阿不都肉甫·艾力

编　委

（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都肉甫·艾力

阿不都守库尔·图尔地

阿不都克优木·霍加

阿不来提·努尔东

阿不来提·伊敏

热米拉

沙比尔·艾力

吾甫尔·吾守尔·尼亚孜

霍加阿合买提·优努斯

哈德尔·阿皮孜

哈斯木·霍加

库尔班·马木提

责任编辑

阿不力孜·鄂尔浑


# 目　　录

## 文献辑录


自治区地方志工作会议纪要 …………………………………………… 1

用铁的事实批驳民族分裂主义谬论 ………………………………… 7


## 学术讨论


回鹘汗国的灭亡原因新探 ……………………………… 丁载勋(韩)14

在巴黎，北京，圣彼得堡收藏的回鹘文<大慈恩寺三藏法师传Ⅱ>残卷的注释...... ………………………… 罗伯恩，迈赫迈提.乌勒迈兹 27


## 历史资料


突宇孜之死 ……………… 塔依尔·塔什巴也夫，乌守肉夫.司拉木 39

<科学探险队在亚洲高原上>一书中记载的有关维吾尔民俗和音乐文化的资料 ………………………………………… 胡塞因.克里木 47

丝绸之路与新疆古代贸易重镇 …………………… 达吾提.萨吾提 51


## 姓名研究


浅谈回复维吾尔族写家谱和世谱传统的思考 … 艾尼瓦尔.塞买提 54

日本人的姓名及其文化背景 ……………………… 妈丽雅.莎克木 60

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# 新疆地方志 维吾尔文(季刊)

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال)

主　办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会

编辑出版：《新疆地方志》编辑部
地　址：乌鲁木齐市南湖路西一巷12号
印　刷：新疆金版印务有限公司

国内统一刊号 CN65—1128/K—W
电话：4640715　邮政编码：830063
定价：3.00元

باشقۇرغۇچى:
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىكۆل يولى غەربىي 1 ـ كوچا 12 ـ نومۇر
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1128 / K—W
تېلېفون نومۇرى: 4640715　پوچتا نومۇرى: 830063
باھاسى: 3.00 يۈەن